ئىمام نەۋەۋى

# پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىمام نەۋەۋى

پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى




قولىڭىزدىكى «پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرى» ناملىق كىتاب فىقھ ئىلمىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۆزى ئىخچام، مەزمۇنى مول، پەتىۋا ئىلمىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى جەملىگەن قىممەتلىك ئەسىرى بولۇپ، تارىختىن بېرى مەدرىسەلەرنىڭ دەرسلىك كىتابى، پەتىۋا سورىغۇچىلار ۋە مۇپتىلارنىڭ قوللانمىسى بولۇپ كەلمەكتە. مەزكۇر كىتاب فىقھ، پەتىۋا ۋە ئىجتىھاد ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىزغا ياردەم بەرگۈسى.

بۇ كىتاب ئاۋام خەلققە كىمدىن، قانداق ئۇسۇلدا پەتىۋا سوراشنى، تالىپلار ۋە ئەھلى ئىلىملەرگە ئۆزىنىڭ پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشىدىغان توشمايدىغانلىقىنى، پەتىۋا بەرگۈچىلەرگە قانداق پەتىۋا بېرىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— تەرجىماندىن

ISBN 978-605-71815-0-3
9 786057 181503

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# پەتۋا، مۇپتى ۋە پەتۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

## آداب الفتوى والمفتي والمستفتي

## Fetva, Müftü ve Fetva İstemenin Adabı

**İMAM NEVEVİ | ئىمام نەۋەۋى**

| | |
|---|---|
| Arapçadan Çeviren<br>**Atavulla SAVUR** | ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى<br>**ئاتائۇللاھ سەئىد** |
| Editör<br>**Habibullah KURBANİ** | تەھرىرى ۋە كوررېكتورى<br>**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Kapak & Sayfa Tasarım<br>**A. AKHUN** | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى<br>**ئا. ئاقۇن** |
| Yayına Hazırlayan Kurum<br>Haksever İslam Araştırma Merkezi | نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇن<br>ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى |
| Yayıncı<br>**Teklimakan Uyghur Neshriyati** | نەشر قىلغۇچى<br>**تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى** |

2022 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

2022 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ISBN: 978-605-71815-0-3

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىستانبۇل - Türkiye

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن 5
كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىلگەن نۇقتىلار 11
نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن 15
ئىمام نەۋەۋىنىڭ تەرجىمىھالى 25
ئىسمى، نەسەبى، تەخەللۇسى ۋە لەقىمى 25
تۇغۇلۇشى، شارائىتى ۋە ئىلمىي ھاياتى 25
ئىمام نەۋەۋىنىڭ سۈپەتلىرى 27
ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۇستازلىرى 29
ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغان كىتابلىرى 31
ئىمام نەۋەۋىنىڭ شاگىرتلىرى 31
ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئەسەرلىرى 33
ئالىملارنىڭ ئىمام نەۋەۋىگە مەدھىيەلىرى 35
ئىمام نەۋەۋىنىڭ ۋاپاتى 36
نەشرگە تەييارلاشتا قوللانغان مېتود 39
ئىزاھاتتا قوللانغان مېتود 41
كىتابتىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات 42

## پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ – قائىدىلىرى

مۇئەللىپنىڭ كىرىش سۆزى 49

پەتۋانىڭ ئورنى 52
سەلەپ سالىھلارنىڭ پەتۋاغا تۇتقان پوزىتسىيەسى 54
مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ پەتۋاغا تۇتقان پوزىتسىيەسى 56

بىرىنچى بۆلۈم
ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇپتى تاللىشى 61

ئىككىنچى بۆلۈم
مۇپتىلارنىڭ سۈپەتلىرى 63

ئۈچىنچى بۆلۈم
مۇپتىلارنىڭ شەرتلىرى 65
مۇپتىلارنىڭ ھۆكۈملىرى 67
پاسىقنىڭ پەتۋا بېرىشى 69
«مەستۇر» نىڭ پەتۋا بېرىشى 70

تۆتىنچى بۆلۈم
مۇپتىلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە شەرتلىرى 75
مۇستەقىل مۇپتىلارنىڭ شەرتلىرى 75
ئىجتىھادنىڭ پارچىلىنىشى 78
غەيرى مۇستەقىل مۇپتىلارنىڭ شەرتلىرى 81
بىرىنچى: مەزھەپكە مەنسۇپ مۇستەقىل مۇپتىلار 81
ئىككىنچى: «ساھىبۇلۋەجھ» مۇپتى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى 84
ئۈچىنچى: «مۇخەررىج مۇپتى» ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى 88
تۆتىنچى: «كۆچلەندۈرگۈچى مۇپتى» ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى 90
بەشىنچى: «نەقىلچى مۇپتى» ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى 92

بەشىنچى بۆلۈم
مۇپتىلارنىڭ تۈرلىرى 95

ئالتىنچى بۆلۈم
مۇپتىلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ھۆكۈملەر ..... 101
يەتتىنچى بۆلۈم
پەتىۋانىڭ ئەدەپ – قائىدىلىرى ..... 119
سەككىزىنچى بۆلۈم
پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپلىرى، سۈپەتلىرى ۋە ھۆكۈملىرى ..... 151
ئۆلۈككە تەقلىد قىلىش مەسىلىسى ..... 157
شەرىئەتنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىش مەسىلىسى ..... 173
خاتىمە ..... 176
ئايەتلەر مۇندەرىجىسى ..... 178
ھەدىسلەر مۇندەرىجىسى ..... 181
مەشھۇر شەخسلەر مۇندەرىجىسى ..... 184
پايدىلانغان كىتاب ۋە مەنبەلەر مۇندەرىجىسى ..... 187

HAK
HAKSEVER

# تەرجىماندىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

مۇسۇلمانلار تېخى يېقىنقى دەۋرگىچە فىقھ، ئىجتىھاد ۋە پەتىۋانىڭ فىقھشۇناس ۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ ئېغىزى ياكى قەلىمىدىن چىققان ئاشكارا ئۇچىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىلاھىي نۇرغا تۇتاشقان يىراقتىكى ئۇچىنىمۇ كۆرۈپ كەلگەن؛ كۆرەلمىگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئىلاھىي نۇرغا تۇتىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن؛ ئۇنى نوقۇل شەخس پىكرىلا ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي نۇردىن پارلىغان بىر شولا سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار فىقھ كىتابلىرىدا «تاھارەتنىڭ پەرزى تۆت» دەپ ئوقۇغانلىرىدا، فىقھشۇناسنىڭ سۆزىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ تېگىدىكى ئىلاھىي نۇرنى يەنى: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نامازغا تۇرماقچى بولغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار**﴾[1] دېگەن ئايەتنى؛ «تورۇستىكى بالانى سېتىش جائىز ئەمەس» دەپ ئوقۇغانلىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿**...دەتالاش قىلىشماڭلار...**﴾[2] دېگەن سۆزىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**زىيان تارتىشقىمۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ**»[3] دېگەن ھەدىسىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن. مىلادىيە 19 - ئەسىردە يىراق شەرقتە ياپونلار، شىمالدا رۇسلار،

[1] سۈرە مائىدە، 6 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 46 ـ ئايەت.

[3] مۇۋەتتا مالىك، 1461 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

غەربتە ياۋروپالىقلار سانائەت ۋە پەن - تېخنىكىدا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى؛ 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاسماندا ئۇچۇپ، دېڭىز ئاستىدا ئۈزدى؛ مۇسۇلمانلار گويا قاتمۇقات تاملار بىلەن دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن كىشىلەرگە ئوخشاش بۇ تەرەققىياتلاردىن مەھرۇم قالدى. غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان مۇسۇلمانلار تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەنلىنىڭ جەڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ گۈرۈلدىگەن ھەيۋەتلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىشتى. ۋەتىنى ئاللىبۇرۇن كاپىرلارنىڭ ئىلغار جەڭ قوراللىرى ۋە پەن - تېخنىكىلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان مۇسۇلمانلار ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە، ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە؛ «بىزگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئارقىدا قالدۇق؟ باشقىلار نېمىشقا تەرەققىي قىلدى؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇشقا ۋە ئۆزلىرىدىكى ھەر نەرسىگە گۇمانىي نەزەردە قاراشقا باشلىدى.

شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دۇنياسىدىلا ئەمەس، دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا كونىلىققا قارشى تۇرۇش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. دىنىي ساھەمۇ بۇ بوراندىن ئامان قالمىدى ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىسلامغا باغلاشقا ئۇرۇنۇپ، دىندىن چىقىپ، دىنسىزلىق يولىغا ماڭغان بولسا؛ يەنە بەزىلىرى دىنىي تەرەققىياتنىڭ دۈشمىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەسچىت ۋە جامىلەرگىلا سولىۋەتمەكچى، ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتمەكچى بولۇشتى. يەنە بىر قىسىم دىنغا سادىق مۇسۇلمانلار سەۋەبىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىندىن چەتنىگەنلىكىگە باغلاپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىشتىن ئىبارەت «مۇبارەك ھەرىكەت»نى باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر تەرىپىدە ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى باشلاندى. قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىشتىن ئىبارەت بۇ «مۇبارەك ھەرىكەت» مۇسۇلمانلارنى ھەر خىل ئازغۇن يوللاردىن قايتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىسلاھات ــ «ئۆزگەرتىش، تۈزىتىش» دېمەك بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر ئېچىش ئۈچۈن ئالدى تەرەپتىن، يەنە بەزىلەر ئېتىش ئۈچۈن ئارقا تەرەپتىن ئىتتىرىۋاتقان بىر ئىشىككە ئوخشىتىش مۇمكىن. مەلۇمكى، بىر تەرەپ ئارقىدىن ئېتىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپ ئالدىدىن ئېچىش ئۈچۈن ئىتتىرگەن بىر ئىشىك ئېچىلغان تەقدىردىمۇ، نورمال ئېچىلمايدۇ. كۈچ بىلەن ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەلۇم قىسمى تامغا ئۇسۇپ زەخىملىنىشى مۇمكىن. ئىسلام تارىخىدىكى يېقىنقى زامان ئىسلاھاتى دەل مانا مۇشۇنداق بولدى. ئىشىكنىڭ كۈچەپ ئېچىلىشى نەتىجىسىدە فىقھ ئىلمى ئېغىر يارىلاندى، ئۇنىڭ ۋەھىيگە باغلانغان ئۇچى ئىسلاھاتتا چېقىلغان تاش - كېسەكلەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلام چۈشەنچىسىنى يات پىكىر ۋە يوچۇن قاراشلاردىن قوغداپ كەلگەن مۇستەھكەم، سىستېمىلىق فىقھ ئىلمى قورغىنى «ئىجتىھاد بازغىنى» بىلەن پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ھەر خىل ياۋا پەتىۋا ۋە يوچۇن قاراشلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بەھۇزۇر تارقىلالايدىغان ھالەت شەكىللەندى. دىن دۈشمەنلىرىمۇ بۇ ھەرىكەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. ھەقىقىي مەنىدىكى ئاخىرقى مۇجەددىدى (ئىسلاھاتچىسى) ئىمام شافىئىيدىن كېيىن تالاي ئىسلاھات ۋە مۇجەددىدلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى، سىستېمىلىق نەزەرىيەسى ۋە ئاساسلىرى ھېچقانداق زەرەر كۆرمىگەن فىقھ ۋە ئۇسۇلۇل فىقھ ئىلىملىرى يېقىنقى ئەسىرلەردىكى ئىسلاھاتلاردا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. فىقھ، ئىجتىھاد ۋە پەتىۋانىڭ كۈرسى چۈشتى. فىقھ ئىلمى ئىلگىرىكىدەك ئىلىم ۋە ئەمەل ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان سىستېمىلىق ئىلىم بولۇشتىن چىقىپ، مەلۇمات توپلاش، بىلىپ قويۇش ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ئوقۇلىدىغان شەخس پىكرى ۋە مەدەنىيەت ئىلىملىرى ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. فىقھ ئىلىملىرىنى بۇنداق ئاڭ بىلەن ئوقۇغان تالىپ

ۋە «ئەھلى ئىلمى»لەر فىقھ ۋە ئىجتىھادنىڭ ئىلاھىي تۇرغا باغلانغان ئۇچىنى كۆرەلمەي، ئىجتىھاد بىلەن ئىلاھىي ۋەھيىنى بىر ـ بىرىگە زىتلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار گوياكى ئىجتىھاد قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنماي، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن ياكى قانداقتۇر بىر ئەپسانە ۋە ھېكايىلەردىن ئېلىنىدىغاندەك، گوياكى دىن نامىدىن دېيىلگەن ھەر سۆز ئىجتىھاد بولىدىغاندەك، «مۇجتەھىد» ئاتالغان ئۆلىمالار قۇرئان ۋە ھەدىسنى بىلمەيدىغاندەك، قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت گەپ قىلىپ، ئۇنى «تالىپچاق»لار بايقىۋالىدىغاندەك، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىجتىھاد ئەھلى ۋە فىقھ ئىلمىنى سىستېمىلىق سەلەپ مېتودى بىلەن ئوقۇغان تالىپلارنىڭ كۆلكىسىگە قېلىشتىنمۇ خىجىل بولماي، «شەخسىي ئىجتىھادنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن يۇقىرى كۆرمەسلىك» شوئارىنى توۋلاپ يۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرنىڭ «فىقھ، ئىجتىھاد، فىقھشۇناس ۋە مۇجتەھىد» قاتارلىقلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىشكە بولاتتى.

بۇ ئىسلاھاتلاردا تارىختىن بېرى مۇسۇلمانلار ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ بىر ئۇچى سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلگەن ھەتتا ئوقۇش «سالىھ ئەمەل» سانىلىپ، قەھەتچىلىك ۋە ۋابا تارقالغان زامانلاردا «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بالانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە ۋەسىلە بولارمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە قىرائەت قىلىنىدىغان فىقھ كىتابلىرى خۇددى سىندىباتنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى، كەلىلە ۋە دېمنە، شەرق ۋە غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ئوقۇپ قويۇلىدىغان كىتابلار سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ، ھەركىم خالىغانچە ئېتىراز بىلدۈرىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. مۇسۇلمانلار قەدىمدىن تارتىپ «سەھىھۇل بۇخارىي» ۋە «ئۇمدەتۇل ئەھكام» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرى؛ «مۇختەسەرۇل قۇدۇرىي»، «مۇختەسەرۇل خىرەقىي» ۋە «مۇختەسەرۇ خەلىل» قاتارلىق فىقھ مەتىن كىتابلىرىغا مۇئەللىپ ئىشلەتكەن قەغەز ۋە سىياھنى ئەمەس، بەلكى مۇئەللىپ

ئالغان ئىلاھىي نۇرنى نەزەردە تۇتۇپ «نىسپىي مۇقەددەسلىك» نەزىرىدە قاراپ كەلگەن ئىدى[1]. ئېيتقىنىمىزدەك، تارىختا ئۇممەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەدىس ۋە فىقھ كىتابلىرىنى ئوقۇش سالىھ ئەمەل قاتارىدا سانىلىپ، بالا - مۇسىبەت ۋە ۋابا كۈنلىرىدە قىرائەت قىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى.

ئۇستازىمىز مۇھەممەد زاكىر خەلپىتىمىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ۋەتىنىمىزدىمۇ يامغۇر ياغمىغان قەھەتچىلىك ۋاقىتلىرىدا قارىيلار قۇرئان تامام قىلىدىغان، ھەدىس ئوقۇيدىغانلار «سەھىھۇل بۇخارىي»نى تامام قىلىدىغان، فىقھ ئوقۇيدىغانلار «ھىدايە»نى تامام قىلىدىغان ئىشلار بار ئىكەنتۇق. ئۇلار بۇ ئىشلارنى سالىھ ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىش جۈملىسىگە كىرگۈزگەن ئىكەن. بۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھ ئىلمىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. سەلەپ سالىھلىرىمىزمۇ فىقھ ئىلمىگە ئالاھىدە نەزەردە قاراپ كەلگەن. بۇنى سەلەپلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ: «ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزى دېمەي، ھەدىسنىڭ تەپسىرى دەڭلار»؛ «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزى ئەسەر (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى) يوق يەردە ئەسەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ»[2] دېگەن سۆزلىرىدىن ھەمدە ئىمام ئەھمەدنىڭ: «... سەھىھ ھەدىس بولمىسا، شافىئىينىڭ سۆزى بار. شافىئىينىڭ سۆزى مېنىڭ قارىشىمدا ئەڭ كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ بىرى»[3] دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالايمىز.

[1] ئىبنى كەسىر: «البداية والنهاية»، 14 ـ توم، 527 ـ بەت؛ زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 52 ـ توم، 39 ـ بەت؛ ھاجى خەلىپە: «كشف الظنون»، 2 ـ توم، 1415، 1631 ـ بەت.

[2] فەقىھ ۋە مۇھەددىس ئىبنى ئەبىلئەۋۋام: «فضائل أبي حنيفة وأخباره» 84 ـ، 101 ـ بەت؛ مۇھەددىس ۋە تارىخشۇناس مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف سالىھىي شافىئىي: «عقود الجمان في مناقب الإمام الأعظم أبي حنيفة النعمان» 189 ـ بەت.

[3] خەتىب باغدادىي: «تاريخ بغداد»، «دار الغرب الإسلامي» نەشرىياتى - بېيرۇت، 2002 - يىل نەشرى، 1 - باسما، 2 - توم، 404 - بەت؛ ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «تهذيب

فىقھە ئىلمىنىڭ يارىلىنىشى ۋە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن سەلەپ مېتودىدىن چەتنىشى فىقھە ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى بولغان پەتىۋا ئىلمىگىمۇ ئىنتايىن سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۆلىمالار تەرىپىدىن مۇقەررەرلەشكەن «ئاجىز، يوچۇن قاراشلار بويىچە پەتىۋا بەرمەسلىك» ، «ئىجمائىقا خىلاپ پەتىۋا بەرمەسلىك» دېگەندەك پەتىۋا قائىدىلىرى بۇزۇپ تاشلاندى. پەتىۋا ئىلمىدە بېكىتىلگەن مۇپتىلارنىڭ شەرتلىرى ۋە دەرىجىلىرىگە رىئايە قىلىنمىدى. ھەركىم ئۆزىنى مۇپتى، مۇجتەھىد ساناپ، شەرىئەت مەسىلىلىرىدە ئېغىزىغا كەلگەنچە جۆيلۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە ئۆلچەمسىز، قالايمىقان پەتىۋالار ئەۋج ئالدى. پەتىۋا ئىلمىدىكى «پەتىۋا زامان ۋە ماكانغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ» دېگەندەك نىسپىي قائىدىلەر بۇزۇلغان مېتودتا تەربىيەلەنگەن ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە تالىپلار تەرىپىدىن كۆللى قائىدە سۈپىتىدە بازارغا سېلىنىپ، گوياكى تۈت پۇتى يەرگە تەگكەن، ئۆزگەرمەس پەتىۋا يوقتەك؛ ھەرقانداق پەتىۋا ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغاندەك؛ پەتىۋا خۇددى تىكىشى توختىمايدىغان، سۈيۈق، ھەر كۈنى رەڭ ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان نەرسىدەك؛ بۇگۈنكىسى ئەتىگە قالسا، بۇزۇلۇپ قالىدىغان سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇلدى.

ھاسىلكالام، يېقىنقى ئەسىرلەردە فىقھە ئىلمى كۆپ ھۇجۇملارغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭغا كۆپ قارا قوللار سوزۇلدى. شۇنداقتىمۇ، پاناھسىز ۋە قوغدىغۇچىسىز قالمىدى. نۇرغۇن ئالىملار فىقھە ئىلمىنى سەلەپ سالىھلار مېتودى بويىچە داۋاملاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلارغا قارشى تۇرۇش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. كۈنىمىزگە كەلگەندە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا فىقھە ئىلمىنى ئەسلىي يولىغا قايتۇرۇش دولقۇنى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە؛ مىسىر، ئىيوردانىيە،

التهذيب»، ھ 1326 - يىل نەشرى، 1 - باسما، 9 - توم، 28 - بەت.

سەئۇدىي ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدە بۇ ئېقىمنى ياقىلىغۇچىلار پائال ھەرىكەت قىلماقتا.

قولىڭىزدىكى «پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى» ناملىق كىتاب فىقھ ئىلمىنىڭ كىگانت ئالىملىرىدىن بىرى ئىمام نەۋەۋىينىڭ ئۆزى ئىخچام، مەزمۇنى مول، پەتىۋا ئىلمىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى جەملىگەن قىممەتلىك ئەسىرى بولۇپ، تارىختىن بىرى مەدرىسەلەرنىڭ دەرسلىك كىتابى، پەتىۋا سورىغۇچىلار ۋە مۇپتىلارنىڭ قوللانمىسى بولۇپ كەلمەكتە. مەزكۇر كىتاب بۇزۇلغان فىقھ، پەتىۋا ۋە ئىجتىھاد چۈشەنچىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىزغا ياردەم بەرگۈسى.

بۇ كىتاب ئاۋام - خەلققە كىمدىن، قانداق ئۇسۇلدا پەتىۋا سوراشنى، دىنىي ئوقۇغۇچىلار ۋە ئەھلى ئىلىملەرگە ئۆزىنىڭ پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشىدىغان - توشمايدىغانلىقىنى، پەتىۋا بەرگۈچىلەرگە قانداق پەتىۋا بېرىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### □ كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىلگەن نۇقتىلار

1. كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ھەجمى كىچىك، مۇھىم قائىدىلەرلا بايان قىلىنغان شەرھ ۋە ئىزاھاتقا موھتاج ئەسەر بولغاچقا، فىقھ ۋە پەتىۋا ساھەلىرىدە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان شەيخ ۋەلىييۇددىن فۇرفۇر تەرىپىدىن تەپسىلىي، كەڭ دائىرىلىك ئىزاھات ۋە شەرھلەر بېرىلگەن نۇسخىسى تەرجىمىگە تاللاندى.

2. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە تېكىستى بېرىلمەي، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىلا بېرىلدى ھەمدە مۇئەللىپ ۋە نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ سۆزىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايەتلەر گۈللۈك تىرناق ﴿﴾ قا، ھەدىسلەر قوش تىرناق «» قا ئېلىنىپ، توم خەت نۇسخىسىدا يېزىلدى. ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە ئاساسەن مۇھەممەد سالىھ

داموللامنىڭ تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى.

3. كىتاب پەتىۋا ئىلمىدىن ئىبارەت مۇئەييەن بىر ئىلىم كىتابى بولغاچقا، ئىلمىي ئاتالغۇلار بىر قەدەر كۆپ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا تەرجىمان تەرىپىدىن ئىزاھات بېرىلدى. شۇنداقلا، ئىزاھات ۋە شەرھكە موھتاج دەپ قارالغان نۇقتىلارغا ئىزاھات بېرىلىپ، ئەرەبچە نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئىزاھاتلىرىدىن «-ت» (تەرجىماندىن» ھەرپى بىلەن پەرقلەندۈرۈلدى.

4. ئەرەبچە نەشرگە تەييارلىغۇچى كىتابتا كەلگەن مەشھۇر شەخسلەرنى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرغان بولۇپ، تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بارلىق مۇسۇلمانلارغا تونۇشلۇق تۆت خەلىپە، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم دېگەندەك مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي قاتارلىق مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ تەرجىمھالى تەرجىمە قىلىنمىدى.

5. تەرجىمىنىڭ ئىمكانقەدەر ئەسلىگە سادىق، توغرا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىمام نەۋەۋى پايدىلانغان مەنبەلەر ۋە كىتابقا يېزىلغان ھاشىيە، ئىزاھاتلارنى كۆرۈپ چىققاندىن سىرت، كىتابنى نەشرگە تەييارلىغۇچى شەيخ ۋەلىييۇددىن فۇرفۇرنىڭ سىنىلىق دەرسىنىڭ ئىنتېرنېتتا تارقىتىلغان قىسىملىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم.

ئاللاھ تائالا كىتابتىن ھەركىمنى ئۆزىگە كېرەكلىك ئىلمنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىن!

بۇ كىچىككىنە خىزمىتىمنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىنى يەتتە يالىنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش يولىدا كۆپ جاپالارنى تارتقان، خەلقىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىپ «سويغان پىيازدەك» ھالغا

كەلتۈرۈپ قويغان كوپېراتسىيەدىن يېڭى قۇتۇلۇپ، تەسۋىرلىگۈسىز جاپا - مۇشەققەتلەردە كۈن كەچۈرۈۋاتقان 80-90 - يىللاردىمۇ مۇبارەك دىنىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇلغان خەلقىمىزنى دىنغا قايتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى ئىلىملىك، دىندار قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن قەدىردان، ھىممەتلىك، جاپاكار ئاتا - ئانامغا ھەدىيە قىلىمەن. مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەندىن ئاتا - ئانامغا خالىس دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

ئاخىرىدا، مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىپ تاماملاشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھقا سان - ساناقسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئاللاھنىڭ بۇ ئەمەلىمنى سالىھ ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن. كىتابنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى، تەھرىرلىنىشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا ياردەمدە بولغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا ۋە ئائىلەمگە سەممىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن: ئاتاۋۇللاھ سەئىد

HAK
HAKSEVER

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇركى، ئۇ ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمدە: ﴿**ئۇلار سەندىن پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ**﴾[1] دېگەن. رەھبىرىمىز، پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلامدىكى تۇنجى مۇپتى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا، ئۇنىڭ بارلىق پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزگەن بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت تىلەيمەن ۋە سالام يوللايمەن.

مەقسەتكە كەلسەم، مۇپتىلىق ئۇلۇغ ھەم بۈيۈك مەنسەپتۇر. بۇ مەنسەپنىڭ شەرىپىگە شەرەپ توغرا كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ بىرنەچچە ئايىتىدە مۇپتىلىق مەنسىپىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ مەنسەپنىڭ شەرىپىنىڭ نەقەدەر كاتتا ئىكەنلىكىگە كۇپايە. مەزكۇر ئايەتلەردە گەرچە سوئال رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارىتىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا مۇپتىلىق مەنسىپىنىڭ شەرىپى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ مەنسەپنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان.

ئىسلام دىنى مۇپتىلارغا باشقا ئىنسانلارغا بەرمىگەن ئالاھىدە مەرتىۋىنى بەرگەن. بۇ ئالاھىدىلىك مۇنداق ئۈچ نۇقتىدا گەۋدىلىنىدۇ:

**بىرىنچى:** مۇپتى ئۈممەت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] سۈرە نىسا، 176 ـ ئايەت.

ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ دەلىللىرى مۇنداق:

1. ھەدىس شەرىپتە كەلگەن شەرئىي نەقىل.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**شەكسىزكى، ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، پەيغەمبەرلەر تەڭگە ـ تىللا مىراس قالدۇرۇپ كەتمىدى، بەلكى ئىلىم قالدۇرۇپ كەتتى. كىمكى شۇ ئىلىمنى ئالسا، نېسىۋىسىنى تولۇق ئالغان بولىدۇ**»[1].

2. مۇپتى شەرئىي ھۆكۈملەرنى يەتكۈزۈشتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نائىبىدۇر.

3. مۇپتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شارىئ (شەرىئەت يولغا قويغۇچى) دۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ شەرىئەت نامىدىن يەتكۈزگەنلىرى يا شارىئتىن نەقىل قىلىنغان، يا ئىجتىھاد ئارقىلىق سۈزۈپ چىقىلغان بولىدۇ. ئۇ بىرىنچىسىدە پەقەت يەتكۈزگۈچى بولسا، ئىككىنچىسىدە تەپەككۇرى ۋە ئىجتىھادىغا تايىنىپ ھۆكۈملەرنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن شارىئنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇپتى ئەگىشىش ۋاجىپ بولغان، سۆزىگە ئەمەل قىلىش كېرەك بولغان شارىئتۇر. مانا بۇ ھەقىقىي ئورۇنباسارلىقتۇر.

**ئىككىنچى:** مۇپتى ئىنسانلارغا ھۆكۈملەرنى يەتكۈزۈشتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئورۇنباسارىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، كەلگەنلەر كەلمىگەنلەرگە يەتكۈزسۇن**» دېگەن سۆزىدۇر[2].

**ئۈچىنچى:** مۇپتى ئاللاھ تائالانىڭ مۆھۈرداردۇر. چۈنكى، ئۇ

---

[1] «سۈنەن ئەبى داۋۇد»، 3157 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سۈنەن تىرمىزى»، 2606 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «سەھىھ بۇخارىي»، 6893 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سەھىھ مۇسلىم»، 3179 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەندىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاللاھنىڭ مۆھۈرىنى باسقاندەك، مۇپتىمۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن نەقىل قىلغان ھۆكۈملەردە شەرىئەت مۆھۈرىنى باسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇپتىنىڭ بۇيرۇقى ئۇممەت ئىچىدە (شەرىئەت تەرىپىدىن بېرىلگەن) نائىبلىق يارلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى ئىجرا بولغانغا ئوخشاش ئىجرا بولىدۇ. چۈنكى، مۇپتىمۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈلگەن ئىش ئىگىلىرى (ئۈلۇل ئەمرى) جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ **﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئىچىڭلاردىن چىققان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾** [سۈرە نىسا، 59 - ئايەت].

ئىمام شاتىبىي «الموافقات» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - توم، 244-245 - بەتلىرىدە مۇشۇ نۇقتىلارغا ئىشارەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى قەييىم جەۋزىييە ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابىنى «إعلام الموقعين عن رب العالمين» (ئاللاھنىڭ مۆھۈردارلىرىغا ئۇقتۇرۇش) دەپ ئاتاپ، كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېگەن: «پادىشاھلار تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنسەپنىڭ ئورنى شۇنچە يۇقىرى، دەرىجىسى شۇنچە كاتتا بولغان يەردە، ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن مۆھۈردارلىق مەنسىپىنىڭ ئورنى قانچىلىك يۇقىرىدۇ؟!».

ئاللاھنىڭ مۆھۈردارى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يەتكۈزۈش، ئىزدىنىش ۋە ئىجتىھادقا تايىنىپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئورۇنباسارى بولغان مۇپتىدا بۇ ئۇلۇغ مەنسەپ ۋە كاتتا ماقامغا لايىق سالاھىيەت ھازىرلىنىشى كېرەك. خەتىب باغدادىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىمام شافىئىي

رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ناسىخ (ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئايەت) ۋە مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالغان ئايەت)، مۇھكەم (مەنىسى ئوچۇق ئايەت) ۋە مۇتەشابىھ (مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ئايەت)، تەئۋىل (ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى) ۋە تەنزىل (تېكىست) قاتارلىقلارنى، مەككىدە چۈشكىنى ۋە مەدىنىدە چۈشكىنىنى، نېمە كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ۋە نېمە سەۋەبتىن چۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىنى، ھەدىسلەرنىڭ ناسىخى ۋە مەنسۇخىنى، ھەدىس ئىلمىدىنمۇ قۇرئان ئىلىملىرىدە تىلغا ئېلىنغانلىرىنى، ئەرەب تىلىنى، ئەرەب شېئىرلىرىنى، قۇرئان ئۈچۈن كېرەكلىك پۈتۈن ئىلىملەرنى پىششىق بىلمىگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسابلىق، كەمسۆز بولمىغان؛ ئاندىن ھەرقايسى يۇرت ئالىملىرىنىڭ دەتالاشلىرىنى بىلمىگەن؛ يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى تەبىئىي تالانت بېرىلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى ھەققىدە پەتىۋا بېرىشى ئەسلا جائىز ئەمەس. يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغان كىشى ھالال - ھارام ھەققىدە گەپ قىلسا ۋە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق سالاھىيەت ھازىرلىمىغان كىشىنىڭ ئىلىم ھەققىدە گەپ قىلىش ۋە پەتىۋا بېرىش ھوقۇقى يوق»[1].

ئىبنى قەييىم جەۋزىييە رەھىمەھۇللاھ مۇپتىلارنىڭ شان ـ شەرىپىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دەرىجىسىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقى ۋە ئىسلامدىكى رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلىپ يېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام فىقھشۇناسلىرى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا قاراشلىرى بويىچە پەتىۋا بېرىلىپ كېلىۋاتقان، ھۆكۈملەرنى يەكۈنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، ھالال ـ ھارام قائىدىلىرىنى بېكىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن كاتتا ئۆلىمالار ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كەبى

[1] خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 157 ـ بەت.

زېمىندىكىلەرگە يول كۆرسەتكۈچىلەردۇر. قاراڭغۇ - زۇلمەتلەردە تېڭىرقاپ قالغانلار ئۇلارغا ئەگىشىپ يول تاپىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان ئېھتىياجى يېمەك - ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجىدىنمۇ كۈچلۈك. ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىشتىنمۇ بەكرەك پەرزدۇر»[1].

ئىمام قەرافىي رەھىمەھۇللاھ مۇپتىنى «ئاللاھنىڭ تەرجىمانى» دېگەن ئىبارە بىلەن سۈپەتلىگەن. چۈنكى، تەرجىمان مۇتەكەللىم (سۆزلىگۈچى) نىڭ سۆزىنى يات تىلدىكىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن تەرجىمە قىلغىنىدەك، مۇپتىمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاۋام - خەلققە ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە يەتكۈزىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن يەتكۈزگۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن سۆزى دەلىلگە ئايلىنىدۇ.

سەلەپ سالىھلار پەتىۋانىڭ ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى، دەرىجىسىنىڭ ئىنتايىن كاتتىلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، پەتىۋا بېرىشنى بەك چوڭ ئىش دەپ بىلەتتى، پەتىۋا بېرىشتىن تەپ تارتاتتى، قولىدىن كەلسىلا پەتىۋانى باشقىلارغا ئىتتىرەتتى، پەتىۋا بېرىشتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا، ئاللاھقا ئىستىخارە سالاتتى، ئاللاھتىن تەۋپىق، توغرىلىق تىلەيتتى. سەلەپ سالىھلاردىن سابىت ئەلبۇنانىي رەھىمەھۇللاھ: «**پەتىۋا بەرسەم بويۇنۇمنى كىشىلەرگە كۆۋرۈك قىلىپ بەرگەن بولىمەن**» دەپ پەتىۋا بېرىشنى تەرك ئەتكەن ئىكەن.

دېمەك، ئۆلىمالار پەتىۋا بېرىشتىن ئەيمىنەتتى، پەتىۋا بېرىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلاتتى. ئۇلار ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىشنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى بىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنى پەتىۋا بېرىشتىن ئۈركۈتۈش، پەتىۋا كۇرسىغا ئولتۇرغانلارنى

[1] ئىبنى قەييىم جەۋزىييە: «إعلام الموقعين عن رب العالمين»، 1 - توم، 8 - بەت.

قورقۇتۇش ھەققىدە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغان، چۈنكى پەتىۋا ماقامىغا ئۇلتۇرغان كىشى ئۆزىنى خەتەرگە تەڭلىگەن بولىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «. . . ئىنسانلار بىلىمسىز كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋالىدۇ ـ دە، بۇ بىلىمسىز باشلار **ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ ئۆزىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ**»[1] دېگەن سۆزىگە تايانغان ئىدى. ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېغىر ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىمۇ قاتتىق ئازدۇرىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئىلىمسىز، پاراسەتسىز، سالاھىيەتسىز پەتىۋا بېرىشنىڭ خەتىرىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

پەتىۋالار رىلىستىن چىقىپ، ئۇگچىللىق بىلەن سولچىللىق، ئاشقۇنلۇق بىلەن سەل قاراش ئارىسىدا زايە بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر دەۋردە پەتىۋا بېرىشنىڭ خەتىرىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. فىقھ ئىلمىدىن خەۋەرسىز، لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ شەرىئەتنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىگە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان ئۆلچەمسىز پەتىۋالىرىغا قارىسىڭىزلا، پەتىۋانىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيسىز. بۇ ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مۇپتىلارنىڭ پەتىۋانىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى، ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى، شەرت ۋە تۈزۈملىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەتلىكراقىڭلار دوزاخقا كىرىشكە ئەڭ جۈرئەتلىك بولغىنىڭلاردۇر»**[2].

سەلەپلەر ۋە پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرى سالاھىيەتسىز تۇرۇپ

[1] «سەھىھۇل بۇخارىي»، 100 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سەھىھ مۇسلىم»، 2673 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] دارىمىي رىۋايەت قىلغان، 159 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ئۆزىچە مۇپتى بولۇۋالغان ۋە پەتىۋا كۆرسىتىشكە ئولتۇرۇۋالغانلارنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى مۇپتىلىققا تەيىنلىگەنلەرنىڭمۇ گۇناھكار بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

بۇ يەردە شۇنىڭغىمۇ ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇپتىلار ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەمەلىي شارائىتى، يېڭى مەسىلىلەر، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق ئامىللارغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئىنسانلارنىڭ مۇئامىلە ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدىكى مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇپتىلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە پەتىۋانىڭ ساغلاملىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. مۇپتى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي شارائىتى ۋە ئەھۋالىغا رىئايە قىلمىسا، كىشىلەر ئۇنىڭ پەتىۋاسىدىن يۈز ئۆرۈپ، خاتا ئىشلارغا ياكى ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەللامە ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇپتىنىڭ دەۋر ۋە دەۋرداشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا رىئايە قىلماستىن، ‹زاھىرۇررىۋايەت›[1] كىتابلىرىدىكى نەقىللەر ئۈستىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇۋېلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا ئوچۇق دەلىلدۇر. مۇپتىلار شۇنداق قىلىدىغان بولسا، نۇرغۇن ھەقلەرنى زايە قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ بولىدۇ»[2].

شەيخۇلئىسلام ئىززۇددىن ئىبنى ئابدۇسسالام رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئېھسان قىلىپ، كۆيۈنۈپ، تائەت - ئىبادەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە؛ گۇناھ - مەسىيەت ۋە ئۆزىگە قارشى چىقىشنىڭ زىيانلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا

[1] ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي رەھىمەھۇللاھ يازغان «المبسوط»، «الجامع الصغير»، «الجامع الكبير»، «السير الكبير»، «السير الصغير»، «الزيادات» قاتارلىق ئالتە كىتابنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئالتە كىتاب ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۇلى سانىلىدۇ. ـــ ت.

[2] «ئىبنى ئابىدىن رىساللىرى»، 2 ـ توم، 131 ـ بەت.

بۇيرۇغان»[1].

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان كاتتا ئالىملارنىڭ ئىجتىهاد ۋە پەتىۋا ھەققىدىكى قىممەتلىك بايانلىرى بىز بۇ تېمىدا ئىسپاتلىماقچى بولغان پىرىنسىپنىڭ پۈلاتتەك پاكىتلىرى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ پىرىنسىپ بولسا ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەمەلىي شارائىتى، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ياشىغان دەۋرلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىدۇر.

مانا بۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئىسلام شەرىئىتى جانلىق[2]، ئەتراپلىق، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىگە ماس كېلىدىغان، ئۆلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن، ئىنسانىيەت قۇتۇلالمايۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى قۇرئان، ھەدىس، شەرىئەتنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى، مەقسەتلىرى، پىرىنسىپلىرى ۋە مېتودلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان، ھەر زامان ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان، ئەبەدىي داۋاملىشىدىغان، مۇكەممەل شەرىئەتتۇر.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ «پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتابىنى شىرازىينىڭ «ئەلمۇھەززەب» ناملىق كىتابىغا يازغان «ئەلمەجمۇئ شەرھۇل مۇھەززەب» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ فىقھىي ئەھكام ۋە پەتىۋا ساھەسىدىكى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئەلمەجمۇئ»نىڭ كىرىش سۆزى قىلغان. ئاللاھ ئىمام نەۋەۋىگە مۇسۇلمانلارغا قىلغان بۇ بۈيۈك خىزمىتى ئۈچۈن كاتتا مۇكاپاتلارنى بەرسۇن!

[1] ئىززۇددىن ئىبنى ئابدۇسسالام: «قواعد الأحكام في مصالح الأنام»، 2 ـ بەت.

[2] ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەرقانداق زامان، ماكان ۋە شارائىتتا ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدىغانلىقى، ئەتىبقلاشقا يارايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ـ ت.

ئىمام نەۋەۋىنىڭ «ئەلمەجمۇئ» ناملىق كىتابىنى يېزىش ئارقىلىق «شافىئىي مەزھىپىنىڭ قاراشلىرىنى تاسقاپ چىققانلىقى»نى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا مېنى «پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى» ناملىق مەزكۇر كىتابنى نەشرگە تەييارلاشقا، ئىزاھات يېزىشقا ۋە قولۇمدىن كېلىشىچە شەرھلەشكە مۇۋەپپەق قىلدى. مەن بۇ خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلدىم دېمەيمەن. چۈنكى، مۇكەممەللىك ئاللاھقا خاستۇر. پەقەت پۈتۈن تىرىشچانلىقىمنى كۆرسەتتىم، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم. ماڭا ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. يولباشچىمىز، ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن!

— ۋەلىيۇددىن مۇھەممەدسالىھ فۇرفۇر ھەسەنىي

23 كۈنى/ مۇھەررەم / 1437ھ

24 كۈنى/ 10 / 2016م

HAK
HAKSEVER
حەقسۆیەر

## ئىمام نەۋەۋىنىڭ تەرجىمىھالى

### □ ئىسمى، نەسەبى، تەخەللۇسى ۋە لەقىمى

بۈيۈك ئالىم ئىمام نەۋەۋىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرەف ئىبنى مۇررىي ئىبنى ھەسەن ئىبنى ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جۇمۇئە ئىبنى ھىزام مۇھىددىن ئىبنى شەيخ زاھىد ئەبۇ يەھيا ھىزامىيدۇر.

### □ تۇغۇلۇشى، شارائىتى ۋە ئىلمى ھاياتى

ئىمام نەۋەۋى ھىجرىيە 631 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەۋران ئۆلكىسىگە قاراشلىق گولان ئىگىزلىكىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان «نەۋا» يېزىسىدا تۇغۇلغان.

ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئاتىسى دۇكاندار كىشى ئىدى. نەۋەۋى پاك، ئېسىل ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، دۇكاندا ئاتىسىغا ياردەملىشەتتى. ئاتىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، نەۋەۋى يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋېتىپ، تەڭ كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپ: «دادا! ھويلىنى قاپلىغان نېمە نۇر بۇ؟» دەيدۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىدۇ. دادىسى: «بىز ھېچنېمە كۆرمىدۇق» دەيدۇ. ئاتىسى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئوغلۇمنىڭ سۆزىدىن ئۇ كېچىنىڭ قەدىر كېچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم».

نەۋەۋىنىڭ تەرىقەت ئۇستازى شەيخ ياسىن ئىبنى يۇسۇف زەركەشىي مۇنداق دەيدۇ: «شەيخ مۇھيىددىننى ئون يېشىدا <نەۋا>دا كۆردۈم. ئاداشلىرى ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئويناشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى، ئۇ بولسا بالىلاردىن قېچىۋاتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ مەجبۇرلاشلىرىدىن ئىچى سىقىلىپ يىغلاۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرۇپمۇ قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، قەلبىمدە ئۇنىڭغا مۇھەببەت پەيدا بولدى. سۈرۈشتۈرسەم، ئاتىسى ئۇنى دۇكانغا ياردەملەشتۈرىدىكەن، لېكىن ئۇ قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، سودا - سېتىققا ئارىلاشمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ قۇرئان ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ، نەۋەۋىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تاپىلىدىم ۋە:

- بۇ بالا دەۋرىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى، ئەڭ زاھىدى بولۇپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنسانلار كۆپ نەپ ئېلىشى مۇمكىن، - دېۋىدىم، ئۇستازى:

- سەن پالچىمۇ؟ - دېدى. مەن:

- ياق، ماڭا بۇنى ئاللاھ ئىلھام قىلدى، - دېدىم. ئۇستازى بۇ گەپلەرنى نەۋەۋىنىڭ ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى ئۇنىڭ قۇرئاننى خەتمە قىلىشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. نەۋەۋى بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا قۇرئاننى يادلاپ تاماملىدى».

نەۋەۋى 19 ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنى دىمەشققە ئېلىپ باردى. ئۇ دىمەشققە كېلىپلا ئۇمەۋى جامەسىنىڭ خاتىپى ۋە ئىمامى شەيخ جامالىددىن ئىبنى ئابدۇلكافىي بىلەن كۆرۈشۈپ، دىمەشققە كېلىش مەقسىتىنى بىلدۈردى. شەيخ جامالىددىن ئۇنى «ئىبنى فەركاھ» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شەيخ تاجۇددىن فەزارىينىڭ دەرس ھەلقىسىگە ئېلىپ باردى. نەۋەۋى بۇ ھەلقىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، بىرقانچە قېتىم دەرس ئالدى. ئۇنىڭدىن

كېيىن شەيخ ئىبنى فەركاھ ئۇنى «رەۋاھىيە مەدرىسەسى»گە شەيخ كامال ئىسھاق مەغرىبىينىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. «رەۋاھىيە مەدرىسەسى» ئۇمەۋى جامەسىگە يانداش ئىدى. شەيخ كامال «دارۇلھەدىس»تىكى ئىبنى سالاھنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، نەۋەۋىنىڭ ئوقۇش ئادىتى، تىرىشچانلىقى، ئىلىم ۋە ئىبادەتكە بولغان قىزغىنلىقى، كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىقىغا قىزىقىپ قېلىپ، ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى ۋە ھەلقىسىدىكى تالىپلارغا خەلپەتلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا مەدرىسەدىكى كىچىك بىر ھۇجرىنى بەردى. نەۋەۋى تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ ھۇجرىدا تۇردى.

### □ ئىمام نەۋەۋىنىڭ سۈپەتلىرى

ئىمام نەۋەۋى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمامى ۋە كاتتا ئالىمى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى سىرى ئىدى. ئۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئۆزىنى ئىلىم ۋە ئىبادەتكە ئاتىۋەتكەن بولۇپ، ئاتىسى ھەۋراندىن ئەۋەتىپ بەرگەن نان ۋە ئەنجۈر بىلەنلا جېنىنى جان ئېتەتتى، ئاتىسىنى يوقلاپ يۇرتىغا بارغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا گۆش يېمەيتتى ۋە: «گۆش تەكەببۇرلارنىڭ تامىقى» دەيتتى.

ئۇ «ئەشرەفىيە دارۇلھەدىس»تە مۇدەررىسلىك قىلاتتى، ئالغان مائاشىدىن بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي يىغىپ، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ «دارۇلھەدىس»كە ۋەخپە قىلاتتى ياكى كىتاب سېتىۋېلىپ مەدرىسە كۇتۇپخانىسىغا ھەدىيە قىلاتتى.

ئۇ بىر ئۆمۈر «رەۋاھىيە مەدرىسەسى»دىكى كىچىك ھەم ئىنتايىن ئاددىي ھۇجرىسىدىن كۆچمىدى. سوھۇرلۇق ۋاقتىدا بىر قېتىملا سۇ ئىچەتتى. پەرھىزكارلىقىدىن دەمەشق مېۋىلىرىدىن ئەسلا يېمەيتتى[1].

---

[1] دەمەشق شەھرىدە ۋەقپە زېمىنلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بىلمەي ئۇ زېمىنلاردىن كەلتۈرۈلگەن مېۋىلەرنى يەپ سېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ شۇنداق قىلغان. ـــ ت.

ئېهتىياجى بولمىسا ھېچكىمدىن ھەدىيە قوبۇل قىلمايتتى؛ قوبۇل قىلغاندىمۇ، پەقەت ئارىسىدا قۇرئان ئۆگىتىش ياكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولمىغان ھەقىقىي تەقۋادار، سالىھ كىشىلەردىنلا قوبۇل قىلاتتى.

يەيدىغان ئاشلىقىنى ئاتىسى ئاز مىقداردا، ئايمۇئاي ئەۋەتىپ تۇراتتى؛ كىيىم ـ كېچەكنى ئانىسى بىر قوللۇق تىكىپ، ئەۋەتىپ بېرەتتى؛ ئىمام نەۋەۋى بۇنىڭدىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايتتى؛ ئۇ قۇرئاننى كۆپ تىلاۋەت قىلاتتى؛ زىكىر، ۋەزىپىلەرنى كۆپ ئوقۇيتتى؛ بىلىم ئېلىشقا ناھايىتى ھېرىس ئىدى؛ ياخشى ئىشلارنى كۆرسە، دەرھال قىلىشقا تىرىشاتتى؛ سۆزىنى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلايتتى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا، يۇقىرى ئاۋازدا دۇرۇت ئېيتاتتى؛ سالىھلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا، ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئالاتتى؛ ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە كارامەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى؛ ھەقنى سۆزلەشتىن ئەسلا توختاپ قالمايتتى؛ ھەقىقەتنى دېيىشتە ھېچكىمگە يۈز ـ خاتىرىمۇ قىلمايتتى.

ئۇنىڭ دەۋرىدە شامدا ھۆل ـ يېغىن ياغماي، قاتتىق قەھەتچىلىك بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر ئۆلىمالارغا ئىلتىجا قىلىدۇ. خەلىپە سۇلتانغا خەت يېزىپ، ئەرز ـ شىكايەتلەرنى سورىغاندىن كېيىن، سۇ تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا سۇلتانغا تەۋپىق ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەر ئۈچ كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن، سۇلتان بىلەن بىرگە سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چىقىدۇ. سۇلتاننىڭ پەرمانى بىلەن ئۇلارغا ئىمام نەۋەۋى «سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى» ئوقۇپ بېرىدۇ. ئىمام نەۋەۋى نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇيدۇ. خۇتبىدىن كېيىن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ، يىغلايدۇ، كىشىلەرنىمۇ يىغلىتىدۇ، دۇئا قىلىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇئا قىلىپ، دۇئاسىغا «ئامىن»

دەيدۇ. شۇنىڭدىن ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا شامنىڭ ھەممە يېرىدە يامغۇر يېغىپ، زېمىن يېشىللىققا پۈركىنىدۇ، كىشىلەر خۇشاللىققا چۆمىدۇ، مول ـ ھوسۇل كۆپىيىپ، شۇ پەسىل شامنىڭ 30 يىل ئىچىدىكى ئەڭ ھوسۇللۇق پەسلى بولۇپ قالىدۇ.

## □ ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۇستازلىرى

***فىقھ ئۇستازلىرى***

ئىمام نەۋەۋى ــ ئىمام ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان مەغرىبىي، ئىمام ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇرراھمان ئىبنى نۇھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇسا ئەلمەقدىسىي، ئىلمىدە توشقان ئىمام ئەبۇ ھەفس ئۆمەر ئىبنى ئەسئەد ئىبنى ئەبى غالىب رىبئىي ئەربىلىي، ئىمام ئەبۇلھەسەن سەللار ئىبنى ھەسەن قاتارلىق ئالىملاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان.

***ئۇسۇلۇل فىقھ ئۇستازلىرى***

ئىمام نەۋەۋى ئەللامە قازى ئەبۇلفەتھ ئۆمەر ئىبنى بەندار تەفلىيسىي شافىئىيدا فەخرۇررازىينىڭ «ئەلمۇنتەخەب» ناملىق كىتابىنى ۋە ھۆججەتۇلئىسلام ئىمام غەززالىنىڭ «ئەلمۇستەسفا» ناملىق كىتابىنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇغان.

***تىل، گىراماتىكا ۋە مورفولوگىيە ئۇستازلىرى***

ئىمام نەۋەۋى فەخرۇل مالكىيدا ئىبنى جىننىينىڭ «اللمع»نى، شەيخ ئەبۇ ئاببास مىسرىيدا ئىبنى سىككىيتنىڭ «إصلاح المنطق» ناملىق كىتابىدىن بىر بۆلۈمنى ۋە مورفولوگىيە ھەققىدە بىر كىتابنى ئوقۇغان. ئەللامە شەيخ جامال ئەبى ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك جەييانىيدا شەيخنىڭ ئۆزى يازغان كىتابلىرىدىن بىرنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭغا ھاشىيە يازغان.

*ھەدىس ئۇستازلىرى*

ئىمام نەۋەۋى ــ شەيخ ئەبۇ ئىسھاق ئىبنى ئىيسا مۇرادىي ئەندەلۇسىي شافىئىي، شەيخ ھافىز زەيىن ئەبۇلبەقا خالىد ئىبنى يۇسۇف ئىبنى سەئد نابلۇسىي، بۈيۈك ھەدىسشۇناس زىيا ئىبنى تەممام ھەنەفىي، ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئىبنى ئابدۇددائىم ئەلمەقدىسىي، ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى سالىم ئىبنى يەھيا ئەنبارىي، شەمس ئەبۇلفەرەج ئابدۇرراھمان ئىبنى شەيخ ئەبى ئەمر مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسىي (بۇ كىشى ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىنىڭ بىرى)، ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى فەزل ۋاسىتىي، ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەنسارىي، دىمەشق خاتىپى قازى ئىمادۇددىن ئەبۇلفەزائىل ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئابدۇسسەمەد ھەرەستانىي، ھافىز ئەبۇلفەزل مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد بەكرىي، ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى ئەبۇلفەتھ ھەررانىي سەيرەفىي قاتارلىق ئۆلىمالاردىن ھەدىس ئاڭلىغان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن؛ مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئەبى ئەمر ئىبنى سالاھنىڭ شاگىرتلىرىدا ئىبنى سالاھنىڭ «ھەدىس ئىلىملىرى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغان.

*تەرىقەت ئۇستازلىرى*

ئىمام سۇبكىي «تەبەقات» ناملىق كىتابىدا ئىمام نەۋەۋىنىڭ تەرىقەت ئۇستازىنىڭ شەيخ ياسىن ئىبنى يۇسۇف زەركەشىي ئىكەنلىكىنى، نەۋەۋىنىڭ ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئىشلاردا مەسلىھەت سالىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## □ ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغان كىتابلىرى

نەۋەۋى ئالتە ھەدىس كىتابى؛ ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا»؛ ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد، دارىمىي، ئەبۇ يەئلا قاتارلىقلارنىڭ «مۇسنەد»لىرى؛ دارۇقۇتنىي ۋە بەيھەقىيلەرنىڭ «سۇنەن»لىرى؛ بەغەۋىينىڭ «شەرھۇسسۇننە»، «مەئالىمۇتتەنزىل»؛ ئىبنى سەنىينىڭ «ئەمەلۇل يەۋم ۋەللەيلە»؛ خەتىب باغدادىينىڭ «ئەلجامىئ لىئەخلاقىرراۋىي ۋە ئادابۇسسامىئ»؛ ئىمام قۇشەيرىينىڭ «ئەررىسالەتۇل قۇشەيرىييە»؛ زۇبەير ئىبنى بەككارنىڭ «ئەلئەنساب» (نەسەبلەر)؛ ئىبنى نۇباتەنىڭ «ئەلخۇتەبۇننەباتىييە» (ئىبنى نۇباتە خۇتبىلىرى) قاتارلىق كىتابلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئوقۇغان.

## □ ئىمام نەۋەۋىنىڭ شاگىرتلىرى

ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئۆلىمالار ھەدىس ئاڭلىغان، قولىدا تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن نۇرغۇن شاگىرتلار يېتىشىپ چىققان، ئىلمى ۋە غازاتلىرى ئەتراپى جاھانغا تارقالغان. ئۆلىمالار ھەتتا مۇھەببەر تەبەرىيگە ئوخشاش ياشتا چوڭ ئالىملارمۇ ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل قىلغان.

ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇسئەب، ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئىبنى فەرەھ ئىشبىلىي، رەشىد ئىسمائىل ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى مۇئەللىم ھەنەفىي، ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇلفەتھ ھەنبەلىي، فىقھشۇناس، قىرائەت ئۇستازى، «خەللال» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئەززەرىر ۋاسىتىي، شەيخ جىبرىئىل كۇردىي، فىقھشۇناس، ئەدىب «رەۋاھىيە مەدرىسەسى»نىڭ ئىمامى شەيخ سۇلتان، جامال رافىئ سەمىيدىي، ئەمىن سالىم ئىبنى ئەبۇ بەدر، قازى جامالىددىن سۇلايمان ئىبنى ئەمر ئىبنى سالىم زەرئىي،

قازى سەدرۇددىن ئەبۇلفەزل سۇلايمان ئىبنى ھىلال ئىبنى شىبىل جەئفەرىي ھەۋرانىي دەمەشقىي شافىئىي، ئەبۇلفەرەج ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇلھادىي ئەلمەقدىسىي، خاتىب، ئەدىب ئابدۇررەھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف سەممۇدىي، مەجد ئەبۇ ھامىد ئابدۇلمەھمۇد ئىبنى ئابدۇسسالام ئىبنى ھاتەم ئىبنى ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى بەئلىي، ئىمام نەۋەۋىنىڭ «المنهاج» ناملىق كىتابىنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن ئەلائ ئەلى ئىبنى ئەييۇب ئىبنى مەنسۇر ئەلمەقدىسىي، زىيا ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى سەلىم ئىبنى رەبىيئە ئەنسارىي ئەزرەئىي شافىئىي، ئەلائۇددىن ئەلى ئىبنى ئوسمان ئىبنى ھەسسان ئىبنى مەھاسىن دەمەشقىي شاغۇرىي، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇۋەپپەق ئىبنى مەنسۇر يەمەنىي شافىئىي، بەدر ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى سەئدۇللاھ ئىبنى جەمائە، ئەششەمس مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى نەقىب، شىھاب مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلخالىق ئىبنى ئوسمان ئىبنى مۇزھىر ئەنسارىي دەمەشقىي ئەلمۇقرىئ، ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى غالىب ئىبنى يۇنۇس ئىبنى شۇئبە، يىتۇك ئىمام ناسىرۇددىن ئەبۇلفەتھ مەنسۇر ئىبنى نەجم ئىبنى زەبيان ئىبنى ھەسسان ئىبنى سۇلايمان لەيسىي قەرتاۋى، شەرەف ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئابدۇررەھىم ئىبنى ئىبراھىم بارىزىي قاتارلىق نۇرغۇن ئۆلىمالار ئىمام نەۋەۋىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئىمام نەۋەۋىگە شەرەف ئەبۇ يۇسۇف يەئقۇب ئىبنى ئەھمەد ئىبنى يەئقۇب ھەلەبىي شافىئىي قۇرئان تىڭشاتقان. ئۇنىڭغا يەنە تېگى - تەكتى مەككىلىك يۇسۇف ئىبنى ھەرب ھەسەنىي مەككىي ماردىنىي غەززىنىڭمۇ قۇرئان تىڭشاتقانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ھافىز جامال ئەبۇلھەججاج يۇسۇف ئىبنى زەكىي ئابدۇرراھمان ئىبنى يۇسۇف مىززىي، پەزىلەتلىك ھەدىسشۇناس، ئەدىب، كاتىب ئەبۇلفەزل يۇسۇف ئىبنى مۇھەممەد ئابدۇللاھ مىسرىي دىمەشقىي قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەبۇلفەزل «ئەشرەفىييە دارۇلھەدىس»نىڭ قارىيسى ئىدى.

## □ ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئەسەرلىرى

ئىمام نەۋەۋىنىڭ كىتابلىرى باشلاپ تاماملاشقا ئۈلگۈرمىگەنلىرىنى قوشقاندا 50 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇ بىر قېتىم تالىپى ئىبنى مۇلەققىنگە ئۆز قولى بىلەن يازغان 1000 مەشىق دەپتىرىنى بېرىپ، كېيىن ئۇ دەپتەرلەرنى يوق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇغان، ئىبنى مۇلەققىن مەزكۇر دەپتەرلەرنى كۆزى قىيمىغان ھالدا يوق قىلىۋەتكەن.

ئىمام نەۋەۋى 30 يېشىدا كىتاب يېزىشنى باشلاپ، 46 يېشىدا ۋاپات بولغان. كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى 15 يىل ئىچىدە يازغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، كىتاب يازغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن، دەرسمۇ ئۆگىتەتتى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى:

— رياض الصالحين

— الأذكار

— الأربعين فى الحديث

— التبيان فى آداب حملة القرآن

— مختصر التبيان

— المبهمات

— الترخيص فى الإكرام والقيام

— الإرشاد فى علوم الحديث

— التقريب

— التيسير في معرفة سنن البشير النذير

— طبقات الفقهاء

— التحرير في ألفاظ التنبيه

— الروضة مختصر الشرح للرافعي

— المنهاج مختصر المحرر للرافعي

— المجموع في شرح المهذب. ئىمام نەۋەۋى بۇ كىتابىنى يېزىپ «مسألة المصراة» (بىرنەچچە كۈن ساغماي ئەمچىكى ئەستۈرۈلگەن چارۋىلارنىڭ سودىسى مەسىلىسى) گە كەلگەندە ۋاپات بولغان.

— الإيضاح

— الإيجاز في المناسك

— الفتاوى

— آداب الفتوى والمفتي والمستفتي. قولىمىزدىكى مۇشۇ كىتاب. ئىمام نەۋەۋى بۇ كىتابنى «شرح المهذب» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە يېزىپ چىققان.

— جامع السنة

— مختصر أسد الغابة في معرفة الصحابة

— بستان العارفين في الزهد

— التصوف

— مناقب الشافعي

— المنتخب

— شرح صحيح مسلم

— التلخيص. بۇ سەھىھۇل بۇخارىينىڭ شەرھىسىدىن پارچە.

— «الإيجاز». بۇ سۈنەن ئەبى داۋۇدنىڭ شەرھىسىدىن پارچە.

ــ «ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق» دېگەن ھەدىسنىڭ شەرھىسىنىڭ بىر قىسمىنى شاگىرتلىرى ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن.

ــ «الخلاصة في أحاديث الأحكام» ناملىق كىتابتىن پارچە.

ــ «شرح التنبيه»تىن پارچە.

«پارچە» نامىدىكى يۇقىرىقى كىتابلار ئىمام نەۋەۋى يېزىشنى باشلاپ تاماملاشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان كىتابلاردۇر.

### □ ئالىملارنىڭ ئىمام نەۋەۋىگە مەدھىيەلىرى

شەمسۇل مەۋسىلى ئىمام نەۋەۋى ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆيلەپ مۇنۇ نەزمنى يازغان:

يەھيا «رەۋزە، رىياز، ئەزكار، مۇسلىمنىڭ شەرھى، قىرىق ھەدىس» كىتابلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئىلىمنى گۈللەندۈردى.

ئۇنىڭ «تەقرىب» ناملىق كىتابىدا تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ شەرھى ۋە ھەدىسلەر بار.

«مۇبھەمات، تەھزىيبۇل لۇغات» ناملىق كىتابلىرىمۇ ناھايىتى ئېسىل كىتابلاردۇر.

ئۇ «مىنھاج» ناملىق كىتابىدا بىزگە چىرايلىق گۈللەرنى تەقدىم قىلدى.

ئاللاھ ئۇنىڭ قىلغان بارلىق سالىھ ئەمەللىرىگە كاتتا مۇكاپاتلارنى بەرسۇن، ئۇنى دوزاختىن يىراق قىلسۇن.

ئۇ يەنە نەۋەۋىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىمۇ مۇنداق نەزم يازغان:

ئەي زېرەك! فەقىھ بولاي دېسەڭ سۆزۈڭ مىسالى ئاج[1]،

چىڭ تۇتقىن كىتابى «مىنهاج»،

تىلى پاساھەتلىك، سۆزى سەھىھ، ئۇنىڭ يەنە «ئۇمدە» كىتابىمۇ بەك ياخشى.

□ ئىمام نەۋەۋىنىڭ ۋاپاتى

يېشى تېخى قىرىق بەشتىن ئاشمىغان ئىمام نەۋەۋى بىر كۈنى «رەۋاھىيە مەدرىسەسى»دە تۇراتتى، يېنىغا شاگىرتى كىرىپ كەلدى. نەۋەۋى ئۇنىڭغا:

ـ مېنىڭ سەپەر قىلىشىمغا رۇخسەت بېرىلدى. يۈر، دوست ـ يارەنلىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ كېلەيلى، ـ دېدى. ئىككىيلەن قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۇستازلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلارغا خەيرلىك دۇئالارنى قىلىپ، يىغلىدى. ئاندىن تىرىك دوست ـ يارەنلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئارىيەت ئالغان كىتابلارنى ئىگىلىرىگە قايتۇردى. نەۋەۋى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، نەۋاغا قاراپ يولغا چىقتى. بىر توپ ئۆلىمالار ئۇنى دىمەشقنىڭ سىرتىغا قەدەر چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار نەۋەۋىدىن سوراشتى:

ـ قاچان كۆرۈشۈش نېسىپ بولار؟

ـ ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن.

ئۆلىمالار نەۋەۋىنىڭ بۇ سۆزىدىن قىيامەت كۈنىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلىشتى.

نەۋەۋى نەۋاغا كېلىپلا بىتاپ بولۇپ يېتىپ قېلىپ، ھىجرىيە

[1] پىل چىشى

676 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 24 ـ كۈنى چارشەنبە كۈنلۈكتە، كېچىنىڭ كېيىنكى ئۈچتىن بىرىدە ۋاپات بولدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا قىرىق ئالتە ياشقا كىرگەن ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام سۇبكىي ئىمام نەۋەۋىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، شام ئۆلىمالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، نەۋەۋىنى سورايدۇ (چۈنكى، سۇبكىيغا نەۋەۋىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تېخى يەتمىگەن ئىدى). شام ئۆلىمالىرى نەۋەۋىنىڭ يېقىندا قازا قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، سۇبكىي: «ئىننا لىللاھ ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن، لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دەيدۇ ۋە ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئۆيىنى سورايدۇ. كىشىلەر «دارۇلھەدىس»نى كۆرسىتىپ قويىدۇ. سۇبكىي بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «دارۇلھەدىس»كە كېلىپ: شەيخ قەيەردە ئولتۇراتتى؟ دەپ سورايدۇ ۋە ئىمام نەۋەۋى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈپ شېئىر ئوقۇيدۇ:

دارۇلھەدىستە نازۇك بىر سىر بار. ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئايىغى تەگكەن يەرگە مەگزىمنى ياقاي دەپ ئۈنىڭ ھەر تەرىپىنى ئاختۇرىمەن، ئۈنىڭدا تۈنەيمەن.

ھەدىسشۇناس، زاھىت، ئىبادەتگۇي، پەرھىزكار، ئىلىمدە توشقان، قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، دىنىنى گۈللەندۈرگەن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان ئىمام نەۋەۋىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن، ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، بىزنى ئۇنىڭ ئىلمىدىن مەنپەئەتدار قىلسۇن!

***ئىمام نەۋەۋىنىڭ تەرجىمھالىنى تەييارلاشتا پايدىلانغان مەنبەلەر:***

تاجۇددىن سۇبكىي: «طبقات الشافعية الكبرى» (شافىئىي

ئۆلىمالىرى قامۇسى)، «إحياء الكتب العربية» نەشرىياتى، 8 - توم، 395 - بەت.

شەمسۇددىن سەخاۋى: «المذهب العذب الروى فى ترجمة قطب الأولياء النووى».

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## نەشرگە تەييارلاشتا قوللانغان مېتود

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا قولليازمىلارنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغان تۆۋەندىكى مېتودلارنى ئاساس قىلدىم:

— مۇقەددىمە يېزىش

مۇقەددىمىدە پەتىۋانىڭ پەزىلىتى، ئورنى، ئىسلامدىكى ئەھمىيىتى، خەتىرى، پەتىۋا بېرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، بولۇپمۇ لاياقەتسىز كىشىلەرنى ئىلمسىز پەتىۋا بېرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىندى. مۇقەددىمىگە يەنە ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللاھنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تەرجىمىھالدا ئىمام نەۋەۋىنىڭ تۇغۇلۇشى، ۋاپاتى، ئىسمى، نەسەبى، لەقىمى، كۇنيىتى، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتى، ئىلمىي ھاياتى، سۈپەتلىرى، ئۇستازلىرى، رىۋايەت قىلغان كىتابلىرى، شاگىرتلىرى، ئەسەرلىرى قاتارلىقلار سۆزلەندى.

— ئەسلىي تېكىستنى تەكشۈرۈش ۋە توغرىلاش

— ئايەتلەرنىڭ مەنبەلىرىنى بېرىش

— ھەدىسلەرگە سەھىھ ھەدىس كىتابلىرى ۋە باشقا كىتابلاردىن مەنبە بېرىش

— كىتابتا كەلگەن شەخسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

— كىتابتا كەلگەن مۇھىم نۇقتىلارنى قىسقىچە بايان

قىلىدىغان خاتىمە يېزىش

ــ ئومۇمىي مۇندەرىجە تۈزۈش. مۇندەرىجە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ــ ئايەتلەر مۇندەرىجىسى

ــ ھەدىسلەر مۇندەرىجىسى

ــ مەشھۇر شەخسلەر مۇندەرىجىسى

ــ پايدىلانغان مەنبەلەر مۇندەرىجىسى

ــ تېمىلار مۇندەرىجىسى

## ئىزاھاتتا قوللانغان مېتود

كىتابقا ئىزاھات يېزىشتا تۆۋەندىكى مېتودنى قوللاندىم:

ـــ ئەرەبچە قامۇسلارغا تايىنىپ، بىر قىسىم قىيىن سۆزلۈكلەرنى شەرھلەش

ـــ كىتابتا كەلگەن نەقىللەرنى ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە تايىنىپ تەكشۈرۈپ، بېكىتىش

ـــ تېكىستتىكى بىر قىسىم چۈشىنىكسىز مەزمۇنلارنى ئوچۇقلاش، روشەنلەشتۈرۈش

ـــ كىتابتا كەلگەن بىر قىسىم مەسىلىلەرگە بەزى ئىلمىي شەرت ۋە قائىدىلەرنى قوشۇش

ـــ بىر قىسىم مەسىلىلەردە ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىنى سېلىشتۇرما قىلىش

ـــ ئالىملار ئارىسىدىكى مۆتىۋەر تەرجىھ قائىدىلىرىگە ۋە دەلىللەرگە تايانغان ئاساستا بەزى قاراشلارنى كۈچلەندۈرۈش

ـــ زۆرۈر تېپىلغاندا كىتابتىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارغا تېما قويۇش ۋە ئۇنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىش

## كىتابتىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات[1]

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئىزاھات بېرىش زۆرۈر دەپ قارالغان ئاتالغۇلار:

**فىقھ:** سۆز مەنىسى: بىلىش، چۈشىنىش.

**ئىستىمال مەنىسى:** ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ھالال ۋە ھاراملىق، سەھىھ ۋە فاسىدلىق (ئىناۋەتلىك ۋە ئىناۋەتسىزلىك)، پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مەكرۇھلۇق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.

**ئۇسۇلۇل فىقھ:** سۆز مەنىسى: فىقھنىڭ ئۇل ـ ئاساسلىرى، دەلىل ۋە قائىدىلىرى.

ئىستىمال مەنىسى: مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ ئايەت، ھەدىس، قىياس ۋە ئىجمائ قاتارلىق تەپسىلىي دەلىللەردىن فىقھىي ئەھكاملارنى يەكۈنلەشتە قوللانغان ئۇسۇل ـ قائىدە، مېتودلىرىنى ۋە ھۆكۈم چىقارغۇچى مۇجتەھىدلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. بۇ ئىلىمنىڭ يىلتىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرگە تۇتىشىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي چۈشمىگەن مەسىلىلەردە، ساھابىلەر ئايەت ۋە ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلاتتى. ھېچقاچان قائىدە ـ پىرىنسىپ ۋە مېتودسىز ئىجتىھاد بولمايدۇ. ئەمما، بۇ ئىلىمنىڭ كىتاب ھالىتىگە كېلىشى ئىمام شافىئىيدىن باشلانغان.

**ئىجتىھاد:** سۆز مەنىسى: قىيىن بىر ئىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى

[1] بۇ ئىزاھاتلار تەرجىمانغا ئائىت.

سەرپ قىلىش.

فىقھە ئىستىلاھىدا، فىقھشۇناسنىڭ ئايەت، ھەدىس، ئىجماﺋ، قىياس قاتارلىقلاردىن ئېھتىماللىق فىقھىي ھۆكۈملەرنى بىلىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. قەتئىي ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان بەش ۋاخ ناماز، روزا، ھەج قاتارلىقلارنىڭ پەرزلىكىنى بىلىش ئىجتىھاد دېيىلمەيدۇ.

**مۇجتەھىد:** دالالىتى قەتئىي بولمىغان فىقھىي ئەھكاملاردا ئىجتىھاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى. مۇجتەھىد «مۇستەقىل مۇجتەھىد» ۋە «غەيرى مۇستەقىل مۇجتەھىد» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**مۇستەقىل مۇجتەھىد:** باشقىلارغا تەقلىد قىلماستىن، قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاسىتە ھۆكۈم ئالالايدىغان؛ مۇستەقىل ھۆكۈم ئېلىش مېتودى ۋە فىقھە بۆلۈملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن فىقھىي مەزھەپكە ئىگە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى فىقھشۇناستۇر. «مۇستەقىل مۇجتەھىد» كەلىمىسى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق تۆت مەزھەپ ساھىبىنى كۆرسىتىدۇ.

**غەيرى مۇستەقىل مۇجتەھىد:** مۇستەقىل ئىجتىھاد مېتودىغا ئىگە بولمىغانلىقتىن، تۆت مەزھەپتىن بىرىگە ئەگەشكەن فىقھشۇناسنى كۆرسىتىدۇ. غەيرى مۇستەقىل مۇجتەھىدلەر بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

**فەقىيھۇننەپس:** فىقھە ئىلمىدە چېنىققان، پەتىۋا بېرىش تەجرىبىسىگە ئىگە، ھەر دائىم پەتىۋا مەنبەلىرى ۋە ئىجتىھاد يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان كىشى.

**تەقلىد:** «ئەگەشمەك، دورىماق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىستىلاھىدا «باشقىلارنىڭ سۆزىنى دەلىلىنى بىلمەيلا قوبۇل قىلىش»نى كۆرسىتىدۇ. تەقلىد تۈرۈك كىشىنىڭ ئالىملارنىڭ

سۆزىنى دەلىلىنى بىلمەستىن، سۈرۈشتۈرمەستىن قوبۇل قىلىشىنىمۇ؛ ئالىملارنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى ئالىملارنىڭ سۆزىنى دەلىلىنى بىلمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇقەللىد: «باشقىلارغا ئەگەشكۈچى» دېگەن مەنىدە. ئىستىلاھتا «ئالىملارنىڭ سۆزى ۋە پەتىۋالىرىنى دەلىلىنى بىلمەستىن قوبۇل قىلغۇچى»نى كۆرسىتىدۇ.

ئىجماﺋ: «بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلاش، بىرلىككە كېلىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، فىقھىي ئاتالغۇسىدا «مەلۇم بىر دەۋردىكى بارلىق ئىسلام مۇجتەھىدلىرىنىڭ بىرەر دىنىي مەسىلىدە بىردەكلىك ھاسىل قىلىشى»دۇر. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجماﺋ سۇكۇتىي: «سۈكۈت ئارقىلىق چېكىلگەن ئىجماﺋ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىستىلاھتا «مەلۇم بىر دىنىي مەسىلىگە شۇ دەۋر مۇجتەھىدلىرىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى، سۈكۈت قىلىشى»دۇر.

قىياس: «سېلىشتۇرۇش، مۆلچەرلەش، پەرەز قىلىش» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئىستىلاھتا «مۇجتەھىدلەرنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ھۆكمى ئېنىق ئوتتۇرۇلغان مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى تۇتۇپ سەۋەبى بىردەك بولغان، ئەمما شەرىئەتتە ھۆكمى ئېنىق ئوتتۇرۇلمىغان مەسىلىگە تەتبىقلىشى»دۇر. بۇ، مۇجتەھىدلەرگە خاس خىزمەت بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجمائتىن كېيىنكى تۆتىنچى ئاساسىدۇر.

ئەسهاب: شافىئىي مەزھەپ ئىستىلاھىدىكى «ئەسهاب» كەلىمىسى ئەسلىدە ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىغا قوللىنىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، كېيىنچە مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىمام شافىئىيدىن بىۋاستە تەلىم ئالمىغان مەشھۇر شافىئىي فەقىھلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

**ۋەجھ:** «يۈز، تەرەپ، مەقسەت، سەۋەب» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. فىقھىي ئىستىلاھلاردا شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، «ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىمامنىڭ سۆزلىرىدىن ئەمەس، بەلكى فىقھىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئاساسلانغان قائىدىسى، دەلىلى، ئىشارىتى، ئىزاھلىرى ياكى سۆزلىرىنىڭ ئورامىدىن ئالغان قاراشلىرى»نى كۆرسىتىدۇ.

**ساھىبۇلۋەجھ:** ساھىبۇلۋەجھ ـ مەلۇم بىر ئىمامنىڭ مەزھىپىگە باغلانغان، ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى دەلىل ئارقىلىق مۇستەقىل ئىزاھلىيالايدىغان، لېكىن دەلىللەردىن ھۆكۈم ئېلىشتا ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان مۇجتەھىدتۇر. «ساھىبۇلۋەجھ» شافىئىي مەزھىپىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇجتەھىد ھېسابلىنىدۇ.

**تەخرىج:** «چىقارماق، ھەل قىلماق» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدىغان بولۇپ، فىقھىي ئىستىلاھلاردا «مەزھەپ ئىمامى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇم قاراش ياكى مەسىلىلەردىن ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى چىقىرىش»تۇر.

**مۇخەررىج ياكى ئەسھابۇتتەخرىج:** مەزھەپ ئىمامى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇم قاراش ياكى مەسىلىلەردىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى چىقىرالايدىغان مۇجتەھىدتۇر. مۇخەررىج 4 ـ دەرىجىلىك مۇجتەھىد ھېسابلىنىدۇ.

**تەرجىھ:** «ئېغىر بېسىش، بېسىپ كېتىش، كۈچلەندۈرۈش» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. فىقھىي ئىستىلاھلاردا «بىر مەسىلىدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قاراشلار ئىچىدىن بىرىنى كۈچلەندۈرۈش»نى كۆرسىتىدۇ.

**ئادالەت:** «دۇرۇس بولماق، ھەققانىي بولماق» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. فىقھىي ئىستىلاھلاردا «ساھىبىنى تەقۋادارلىققا،

ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىشقا، دۇرۇس ۋە دىندار بولۇشقا ئۈندەيدىغان، قەلبتە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقان روھىي ھالەت»تۇر. ئادالەتنىڭ ئۆلچىمى — چوڭ ۋە خەتەرلىك گۇناھلاردىن ساقلىنىش، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرماسلىق بولۇپ، ئادالەتنىڭ قارىمۇقارشىسى پاسىقلىقتۇر.

**ئادىل:** تەقۋادارلىققا، ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىشقا، دۇرۇس ۋە دىندار بولۇشقا ئۈندەيدىغان روھ قەلبىدە مۇستەھكەم يىلتىز تارتقان ئادەم يەنى چوڭ ۋە خەتەرلىك گۇناھلاردىن قەتئىي ساقلىنىدىغان، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرمايدىغان، ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىدىغان ئادەمدۇر.

**مەستۇر:** «يوشۇرۇلغان، مەخپىي، يۆگەلگەن» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. پەتىۋا ئىلمى ئىستىلاھىدا «قارىماققا ئادالەتلىك، ئەمما ئىچكى ئادالىتى تەكشۈرۈلمىگەن كىشىلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

**مەجھۇل:** ئادىل ياكى پاسىقلىقى نامەلۇم كىشىدۇر.

**پاسىق:** چوڭ گۇناھ سادىر قىلىپ، تەۋبە قىلمىغان ياكى كىچىك گۇناھلارنى سەۋەبسىز داۋاملاشتۇرغان كىشىدۇر. بۇ، پاسىقنى بېكىتىشنىڭ قائىدىسىدۇر. لېكىن، بىر قىسىم گۇناھلارنىڭ چوڭ گۇناھ ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بولغانلىقى ۋە بىر قىسىم ئىشلار بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مۇباھ بولسا، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مەكرۇھ، كىچىك گۇناھ سانالغانلىقى ئۈچۈن، شەخسلەرگە «پاسىق» دەپ ھۆكۈم قىلىشمۇ مۇشۇ ئىختىلاپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

# پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

# مۇئەللىپنىڭ كىرىش سۆزى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىغا، ئائىلىسىگە ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە سالاملار بولسۇن!

ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بۆلۈمدۇر. بۇ بۆلۈمدىكى مەلۇماتلارغا ھەر كىشى موھتاج بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، باشتا سۆزلەشنى لايىق كۆردۈم[1].

بۇ تېمىدا قازى ماۋەردىينىڭ ئۇستازى شەيخ ئەبۇلقاسىم سەيمەرىي[2]، ھەدىسشۇناس ئەبۇ بەكىر خەتىب باغدادىي[3]،

---

[1] يەنى بۇ بۆلۈمنى شافىئىي فىقھىسى ھەققىدە يازغان «المجموع» ناملىق كىتابىمنىڭ مۇقەددىمىسى قىلدىم.

[2] ئەبۇلقاسىم سەيمەرىي: ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ھۇسەيىن بەسرىي. شافىئىي مەزھىپىنىڭ «مەزھەپ ئىچىدىكى مۇجتەھىد» دەرىجىسىدىكى كاتتا ئالىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ قازى ئەبۇ ھامىد مەرۋەزىينىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتناشقان ۋە ساۋاقدىشى ئەبۇلفەيياز بەسرىيدىن فىقھ ئىلمى ئۆگەنگەن. ماۋەردىي ئۇنىڭ يېنىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ بەسرەدىكى سەيمەرە دەرياسى بويىغا جايلاشقان سەيمەرە ناھىيەسىگە مەنسۇپ قىلىنىپ «سەيمەرىي» دەپ ئاتالغان. سەيمەرە ناھىيەسىدە بىرنەچچە يېزا بار. ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يۇرت ـ يۇرتلاردىن تالىپلار كېلەتتى. ئۇ شافىئىي مەزھىپىنى ياخشى بىلىدىغان، ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان كىشى ئىدى. ئۇن بەش توملۇق «الإيضاح»، كىچىك ھەجىملىك «الكفاية» ۋە ئۇنىڭ بىر توملۇق شەرھىسى «الإرشاد»، «أدب المفتي والمستفتي» (مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىندۇر. ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەيمەرىي ھىجرىيە 386 ـ يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان. كونكرېت تەرجىمھالى ئۈچۈن: ئىسنەۋىينىڭ: «طبقات الشافعية»، 287 ـ بەت؛ شىيرازىينىڭ: «طبقات الفقهاء»، 104 ـ بەت؛ «تهذيب الأسماء واللغات»، 2 ـ توم، 265 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

[3] ھافىز ئەبۇ بەكرى باغدادىي (ھ. 392 — 463/ م. 1002 — 1071): ئەھمەد ئىبنى ئەلى

## ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ[1] قاتارلىق ئۆلىمالار قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى باشقىلار يېزىپ

ئىبنى سابىت ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مەھدىي، كۇنيىتى ئەبۇ بەكرى، «خەتىب باغدادىي» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر. ھىجرىيە 392 ـ يىلى باغدادقا يېقىن جايدا تۇغۇلغان. ئەبۇ ھامىد ئىسپىرايىنىي، ئەبۇ تەيىر ئىبنى سەبباغ قاتارلىقلاردىن فىقھ ئىلمى ئۆگىنىپ، فىقھ ۋە ئىختىلاپ ئىلمى قاتارلىقلاردا كامالەتكە يەتكەن؛ كېيىن ھەدىس ئىلمى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ، باغداد مۇھەددىسلىرىدىن بىرىنى قالدۇرماي ھەدىس ئىلمى تەھسىل قىلغان؛ باللىق چاغلىرىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ، قىرائەت ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن؛ كېيىن «ھەدىس رىۋايەتچىلىرى تارىخى» بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ ئەقىدىدە ئەشئەرىي ئىدى. نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى مەدھىيەلىگەن. ئىمام سەمئانىي ئۇنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ئۇزۇن دەۋرىنىڭ ئىمامى ۋە مۇھەددىسى ئىكەنلىكىدە دەتالاش يوق. ئۇ 100 پارچىغا يېقىن ئەسەر يازغان بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ھەدىسشۇناسلار ئۈچۈن قورال كىتابلاردۇر». ئىبنى ئەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئۇز دەۋرىنىڭ ئىمامى ئىدى». ئىبنى ئەساكىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ بىلەن مۇھەددىسلەر تارىخى تاماملانغان». خەتىب باغدادىي ھىجرىيە 463 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەنلەر ئارىسىدا شەيخ ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىيمۇ بار ئىدى. تەرجىمھالى ئۈچۈن: ئۇنىڭ «الفقيه والمتفقه» ناملىق ئەسىرى، 6-8 بەتلەرگە قاراڭ.

[1] ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ (ھ.577 ـــ 643/م.1181 ـــ 1245): ئىمام، ئەللامە، ھەدىسشۇناس، توشقان ئالىم، شەيخۇلئىسلام تەقىيۇددىن ئەبۇ ئەمر ئوسمان ئىبنى مۇپتى سالاھىددىن ئابدۇرراھمان كۇردىي شەھرىزۇرىي شافئىي، «علوم الحديث» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ ھىجرىيە 577 ـ يىلى «ئىربىل» ۋىلايىتىنىڭ «شىرخان ناھىيەسى»دە دۇنياغا كەلگەن. «ئىبنى سالاھ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئاتىسى مۇپتى سالاھىددىندىن ئىلىم ئالغان، كېيىن شەيخ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد باغدادىيدىن فىقھ ئىلمى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭدا «المهذب» ناملىق فىقھ كىتابىنى ئوقۇغان، يۇرتلارنى كېزىپ يۈرۈپ، كاتتا ئۆلىمالارنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەدىس ئاڭلىغان. مەرۋە شەھىرىدە ئەبۇ مۇزەففەر سەمئانىي بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. فىقھ، ئۇسۇلۇل فىقھ، تەپسىر ۋە ھەدىس قاتارلىق ساھەلەردە «أدب المفتي والمستفتي»، «ئىبنى سالاھ پەتىۋالىرى»، «شرح الورقات»، «طبقات الشافعيين»، «ئىبنى سالاھ مۇقەددىمىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر «أقصى الأمل والأصول في علم حديث الرسول» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئىمام نەۋەۋى ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەنگەن. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى سالاھ مېنىڭ ئۈنجى ئۇستازىم. ئۇ ئىلمى، زاھىدلىقى، پەرھىزكارلىقى، ئىبادەتگۆيلۇقى ۋە كاتتا پەزىلىتى قاتارلىقلارغا ھەممەيلەن شاھىت بولغان كىشىدۇر». ئىبنى سالاھتىن ئىبنى خەللىكانمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىبنى خەللىكان مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى سالاھ مەن كۆپ نەپ ئالغان ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى». «وفيات الأعيان»، 2 ـ توم، 243 ـ بەت؛ «سير أعلام النبلاء»، 23 ـ توم، 140 ـ بەت؛ «شذرات الذهب»، 5 ـ توم، 221 ـ بەت؛ ئىبنى قازى شەھبە: «طبقات الشافعية»، 2 ـ توم، 142 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

باقمىغان قىممەتلىك مەزمۇنلارنى يازغان. مەن بۇ ئۈچ ئالىمنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، مەزكۇر كىتابلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى خۇلاسىلىدىم ۋە ئۇنىڭغا شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭ كىتابلار ئارىسىغا چېچىلغان دۇردانىلىرى ئىچىدىن ئېسىللىرىنى تاللاپ قوشتۇم.

مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

# پەتىۋانىڭ ئورنى

**بىلگىنىكى، پەتىۋانىڭ ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى، دەرىجىسى ۋە پەزىلىتى ئۈستۈندۇر[1]. چۈنكى، مۇپتى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى**

---

[1] ئىسلامدا پەتىۋانىڭ ئورنى يۇقىرى، دەرىجىسى ئۈستۈندۇر. لاياقەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن پەتىۋا ئالىي شەرەپ، كاتتا مەرتىۋە، بۈيۈك ئەجىر بولغاندەك، لاياقەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن چوڭ خەتەر، ئېغىر گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە بىرنەچچە ھەدىس كەلتۈرسەك يېتەرلىك. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەئفەر مۇرسەل ھالەتتە (تابىئىن ساھابىنى تىلغا ئالماي، بىۋاسىتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشكە ئەڭ جۈرئەتلىك بولغىنىڭلار دوزاخقا جۈرئەتلىك بولغىنىڭلاردۇر»**. «سۈنەن دارىمىي»، 159 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ئىزدەنمەستىن پەتىۋا بەرسە، (شۇ پەتىۋاغا تايىنىپ قىلىنغان يامان ئىشنىڭ) گۇناھى پەتىۋا بەرگەن كىشىگە بولىدۇ»**، «سۈنەن دارىمىي»، 161 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: **«ئاللاھ تائالا ئىلىمنى بەندىلەردىن يۇلۇپلا تارتىۋالمايدۇ، بەلكى ئۆلىمالارنى ۋاپات تاپقۇزۇش ئارقىلىق تارتىۋالىدۇ. (ئالىملار ۋاپات بولۇپ) ئالىم قالمىغاندا كىشىلەر جاھىللارنى ئۆزلىرىگە باش سايلىۋالىدۇ - دە، ئۇلاردىن پەتىۋا سورىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ»**. «سەھىھۇل بۇخارىي»، 98 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سەھىھ مۇسلىم»، 4828 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: **«كىمكى (خاتا) پەتىۋا بېرىپ (كىشىلەرنى) ئازدۇرسا، گۇناھى پەتىۋا بەرگەن كىشىگە بولىدۇ»**. بەيھەقىي: «المدخل إلى السنن الكبرى»، 134 ـ نومۇر؛ ئىبنى ئابدۇلبەر: «جامع بيان العلم وفضله»، 1027 ـ نومۇر. پەتىۋانىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، سەلەپ سالىھلار پەتىۋا بېرىشتىن تەپ تارتاتتى، قورقاتتى. پەتىۋا تەڭلەنسە، ئاللاھقا ئىستىخارە سالاتتى، ئاللاھتىن تەۋپىق، ھىدايەت، توغرىلىق تىلەيتتى. ھەتتا سەلەپ سالىھلاردىن سابىت بۇنانىي رەھىمەھۇللاھنىڭ: «پەتىۋا بەرسەم بويۇنۇمنى كىشىلەرگە كۆۋرۈك قىلىپ بەرگەن بولىمەن» دەپ پەتىۋا بېرىشنى تەرك ئەتكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئەللامە زەمەخشەرىينىڭ: «ربيع الأبرار» (ياخشىلارنىڭ باھارى) ناملىق كىتابى، 4 ـ توم، 120 ـ بەتكە قاراڭ. ئىبنى قەييىم جەۋزىييە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق

(ئۇلارغا ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن)[1]، پەرز كۇپايىنى ئورۇندىغۇچى[2]، لېكىن خاتالىشىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلىمالار: «مۇپتى ئاللاھنىڭ مۆھۈرداردۇر» دەيدۇ[3].

---

دەيدۇ: «ئىسلامدا پەتۋانىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى. چۈنكى، قاراشلىرى بويىچە پەتۋا بېرىلىپ كەلگەن، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈملىرىنى سۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، ھالال ـ ھارام قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كاتتا ئالىملارنىڭ زېمىندىكى رولى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلەردە نېگىرقاپ قالغۇچىلارغا يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇزلارنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان ئېھتىياجى يېمەك ـ ئىچمەك ئېھتىياجىدىنمۇ كۈچلۈك، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىشتىنمۇ بەكرەك پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، (ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار) بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر﴾**. [سۈرە نىسا، 59 ـ ئايەت]. ئىبنى قەييىم جەۋزىييە: «إعلام الموقعين»، 1 ـ توم، 9 ـ بەت.

[1] يەنى مۇپتى ئۈممىتى مۇھەممەدىيە ئىچىدە ﷺ نىڭ ماقامىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: **«ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. شەكسىزكى، پەيغەمبەرلەر تەڭگە، تىللا مىراس قالدۇرۇپ كەتمىدى، بەلكى ئىلىمنىلا مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. كىمكى شۇ ئىلىمنى ئالسا، نېسىۋىسىنى تولۇق ئالغان بولىدۇ»** دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. «سۈنەن ئەبى داۋۇد»، 3157 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سۈنەن تىرمىزى»، 2606 ـ نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋارىس مىراس ئالغان نەرسىلىرىدە مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. پەيغەمبەرلەر مىراس قالدۇرغان نەرسە بولسا ئىلىمدۇر. قايسى شەرەپ بۇ شەرەپكە تەڭ كەلسۇن؟!

[2] ئاۋام ـ خەلقنىڭ دىنىي ھۆكۈملەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالاردىن نۇرغۇن رىۋايەتلەر كەلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، پەتىۋا بېرىش ئومۇمىي جەھەتتىن «پەرز كۇپايە» جۈملىسىدىندۇر. لېكىن، باشقا مۇپتى بولمىغان جىددىي ھالەتلەردە پەتىۋا بېرىش مەۋجۇت مۇپتىغا نىسبەتەن «پەرز ئەين»گە ئايلىنىدۇ.

[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزگەنگە ئوخشاش مۇپتىمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ مۆھۈرىنى باسقانغا ئوخشاش مۇپتىمۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن نەقىل قىلغان ھۆكۈملەردە بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە شەرئىي مۆھۈرنى باسىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ، ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان ئىش

## □ سەلەپ سالىھلارنىڭ پەتىۋاغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ[1] مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئالىم ئاللاھ بىلەن مەخلۇقاتلار ئارىسىدىكى ۋاسىتىچىدۇر. شۇڭا، ئۇ ئارىغا قانداق كىرىدىغانلىقىغا قارىسۇن!»[2].

سەلەپلەرنىڭ ۋە خەلەپ پازىللىرىنىڭ پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى

---

ئىگىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار**﴾. [سۈرە نىسا، 59 ـ ئايەت].

[1] **ئىبنى مۇنكەدىر:** مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ھىجرىيە 30 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، 130 ـ يىلى ۋاپات بولغان تابىئىن. سەلمان پارىسى، ئائىشە، ئەبى ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. تەرجىمىھالى ئۈچۈن: «تذكرة الحفاظ»، 1 ـ توم، 127 ـ بەت؛ «شذرات الذهب»، 1 ـ توم، 177 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

[2] ئاللاھنىڭ ھېكمىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلدى. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يەتكۈزىدىغان كىشىلەر بولسا مۇجتەھىد ئىماملار ۋە ئەمەلدار ئالىملاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىننى ئالىم بولۇپ، قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟**﴾ [سۈرە تەۋبە، 122 ـ ئايەت].
ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتتىن ھەممە كىشىنى مۇجتەھىد بولۇشقا بۇيرۇمىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، دۇنيا تىرىكچىلىكى دەخلىگە ئۇچرىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىندا ئالىم بولۇشىنى، باشقىلارنىڭ بولسا ھالال ـ ھارامنى ۋە ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى بىلىشىنىلا تەلەپ قىلىش ئىلاھىي ھېكمەتكە ئۇيغۇندۇر. ئۇلار ھالال ـ ھارام، ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى پەقەت ئىلىم ئىگىلىرىدىن سوراش ئارقىلىقلا بىلەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار**﴾. [سۈرە نەھل، 43 ـ ئايەت]. بۇ ئايەتتە دېيىلگەن «**ئىلىم ئەھلىلىرى**» مۇيتىلار ۋە قۇرئان، ھەدىستىن بىۋاسىتە ھۆكۈم ئالالايدىغان، ھۆكۈملەرنىڭ شەرىئەت بېكىتكەن ئالامەت ۋە بەلگىلىرىنى بىلەلەيدىغان ئەمەلدار ئالىملاردۇر. مۇجتەھىدلەردىن باشقىلار مۇقەللىد بولۇپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى مۇجتەھىدلەردىن سوراش ئارقىلىق بىلىدۇ. مۇجتەھىدلەر ئۇلارغا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلدۈرىدىغان ۋاسىتىدۇر. مۇيتىلار ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى مەسىلىلەر ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ ھۆكمىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تارتقانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەر كەلگەن. تۆۋەندە بىز تەۋەررۇك ئۈچۈن بىرنەچچە رىۋايەتنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى لەيلا[1] مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسار ساھابىلىرىدىن 125 كىشى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ بىرىدىن سوئال سورالسا، يەنە بىرىگە ئىتتىرەتتى، ئۇ يەنە بىرىگە ئىتتىرەتتى. ئاخىرى سوئال يەنە ئاۋۋالقى كىشىگە قايتىپ كېلەتتى»[2].

يەنە بىر رىۋايەتتە[3]: «ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئورنىدا قېرىندىشىنىڭ ھەدىس سۆزلىشىنى؛ پەتىۋا سورالسا، ئۆزىنىڭ ئورنىدا قېرىندىشىنىڭ پەتىۋا بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى» دېيىلگەن.

ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارنىڭ: «سورالغان ھەر مەسىلىگە پەتىۋا بەرگەن كىشى مەجنۇندۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

شەئبىي، ھەسەن[4]، ئەبۇ ھەسىين[5] قاتارلىق تابىئىنلار: «ناۋادا

---

[1] **ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا:** كۇفەلىك ئىمام، ئالىم، فەقىھ تابىئىنلارنىڭ بىرى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 82 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇرئان ئۆگەنگەن. كاتتا ئالىم، سالىھ، قازى كىشى. تەرجىمىھالى ئۈچۈن: «تارىخى ئىبنى مەئىين»، 2 ـ توم، 356 ـ بەت؛ «تهذيب التهذيب»، 6 ـ توم، 260 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[2] «الفتوى» ناملىق كىتابىمىزنىڭ 23ـ24 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

[3] خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 386 ـ بەت؛ ئىبنى سەئد: «الطبقات»، 6 ـ توم، 110 ـ بەت.

[4] **ھەسەن ئىبنى زىياد لۇئلۇئىي (ھ.116 — 204/م.734 — 814):** ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۈز ـ ئابرۇيلۇق شاگىرتى، كۇفە قازىسى، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كۈچلۈك مۇداپىئەچىلىرىنىڭ بىرى، ئىشەنچلىك رىۋايەتچى. ئىبنى قەييىم جەۋزىييەنىڭ: «إعلام الموقعين»، 1 ـ توم، 25 ـ بەتكە قاراڭ.

[5] **ئەبۇ ھەسىين (؟ — ھ128/م.؟ — 745):** ئوسمان ئىبنى ئاسىم ئىبنى ھەسىين ئەسەدىي. كۇفەلىك ئىشەنچلىك ھافىز، ئىمام. جابىر ئىبنى سەمۇرە، ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ سەئىد خۇدرىي قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان تابىئىن. تەرجىمىھالى ئۈچۈن: «تارىخى ئىبنى مەئىين»، 2 ـ توم، 393 ـ بەت؛ «تهذيب التهذيب»، 7 ـ توم، 126 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىلىپ قالسا، بەدر ساھابىلىرىنى يىغىپ، مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىلەرگىمۇ سىلەردىن ھەرقانداق بىرىڭلار پەتىۋا بېرىۋېرىدىكەن» دېگەن.

تابىئىن ئەتا ئىبنى سائىب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنداق كىشىلەرنى (ساھابىلەرنى دېمەكچى) ئۇچراتتىمكى، ئۇلاردىن بىرەر مەسىلە سورالسا، جاۋاب بېرىۋېتىپ تىترەپ كېتەتتى».

ئىبنى ئابباس ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئەجلان[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىم كىشى ‹بىلمەيمەن› گە بىپەرۋالىق قىلسا، ھالاك بولىدۇ».

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە[2] ۋە سەھنۇن[3] (ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا بېرىشتە ئەڭ جۈرئەتلىك كىشى ئىلمى ئاز كىشىدۇر».

### □ مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ پەتىۋاغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ بىرەر

---

[1] مۇھەممەد ئىبنى ئەجلان: نەمۇنىلىك ئىمام، فىقھشۇناس، مۇپتى، يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئالىم. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە چوڭ دەرس ھەلقىسى بار ئىدى. ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: «مەدىنىدە ئىبنى ئەجلاندەك ئىلىم ئەھلىنىڭ سۆيەلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن كىشى يوق. مەن ئۇنى ئۆلىمالار ئارىسىدىكى گۆھەرگە ئوخشىتىمەن». كونكرېت تەرجىمھالى ئۈچۈن: «ميزان الاعتدال»، 3 ـ توم، 644 ـ بەت؛ «تهذيب التهذيب»، 7 ـ توم، 126 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[2] سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئىبنى ئەبى ئىمران مەيمۇن ھىلالىي (ھ.107 — 198/م. 726 — 814): كۇفەلىك ئازادگەردە، ھافىز، شەيخۇلئىسلام، ھەرەم مۇھەددىسى، زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان كاتتا فەقىھ. ئۇ ئەمر ئىبنى دىنار، زۇھرىي قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام شافىئىي: «مالىك بىلەن سۇفيان بولمىسا ئىدى، ھىجازنىڭ ئىلمى يوقالغان بولاتتى» دېگەن. تەرجىمھالى ئۈچۈن: «شذرات الذهب»، 1 ـ توم، 354 ـ بەتكە قاراڭ.

[3] سەھنۇن ئىبنى سەئىد تەنۇخىي (ھ.160 — 240/م.776 — 854): ماراكەشلىك ئىمام، قازى. مالىكىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر فىقھشۇناسلىرىدىن بىرى. ئۇ مالىكىي مەزھىپىنى ماراكەش ۋە ئەندەلۇس دىيارلىرىغا ياپقان كىشى. مالىكىي فىقھىسى ھەققىدە «المدونة الكبرى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان.

مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، جاۋاب بەرمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن:

ـ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟ ـ دەپ سورالسا، ئۇ:

ـ سۈكۈت قىلىش ياخشىمۇ ياكى جاۋاب بېرىشمۇ؟ ئالدى بىلەن بىلىپ، ئاندىن جاۋاب بېرەي دەپ جاۋاب بەرمىدىم، ـ دەيدىكەن.

ئەسرەم[1] مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھتىن (بىلمەيمەن) دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلايتتىم. ئۇ كۆپىنچە بىرنەچچە خىل قاراش بار مەسىلىلەردە شۇنداق قىلاتتى».

ھەيسەم ئىبنى جەمىل مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام مالىكتىن قىرىق سەككىز مەسىلە سورالسا، ئوتتۇز ئىككىسىگە (بىلمەيمەن) دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىگە شاھىت بولغانمەن».

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام مالىكنىڭ ئەللىك مەسىلە سورالسا، بىرىگىمۇ جاۋاب بەرمەيدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتىكەن. ئۇ: «بىرەر مەسىلىگە جاۋاب بەرمەكچى بولغان كىشى جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى جەننەت ۋە دوزاخقا بىر تەڭلىۋېتىپ، قانداق قۇتۇلۇشىنى ئويلاپ قويۇپ ئاندىن جاۋاب بەرسۇن» دەيدىكەن.

بىر قېتىم ئۇنىڭدىن بىر مەسىلە سورالغان ئىدى، ئۇ:

ـ بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭغا:

ـ بۇ ئاددىي، كىچىك مەسىلىغۇ، ـ دېيىلگەندى، قاتتىق غەزەپلىنىپ:

ـ ئىلىمدە ئاددىي نەرسە يوق، ـ دېدى.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئۇيەينەدەك پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشىدىغان، ئەمما پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم».

---

[1] ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھانىئ ئەسرەم (ھارۇن رەشىد دەۋرى - ھ. 273): «سۈنەن» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ئەبى شەيبە قاتارلىقلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتى ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ رىۋايەتچىلىرىدىن بىرى.

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىلىم زايە بولۇپ، ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتىن قورقمىغان بولسام، پەتىۋا بەرمىگەن بولاتتىم. چۈنكى، راھىتى خەققە، جاپاسى ماڭا بولىدۇ».

سەلەپ سالىھلارنىڭ بۇ تېمىدىكى سۆزلىرى ئىنتايىن كۆپ[1].

سەيمەرىي ۋە خەتىب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا بېرىشكە ئامراق، پەتىۋا بېرىشنى تالىشىدىغان، داۋاملىق پەتىۋا بېرىدىغان كىشىنىڭ توغرا پەتىۋا بېرىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ، ئىشلىرى قالايمىقانلىشىدۇ. پەتىۋا بېرىشنى ئارزۇلاپ كەتمەيدىغان،

[1] ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى ئۈچۈن ئىبنى سالاھنىڭ: «أدب المفتي والمستفتي» ناملىق كىتابى، 27 ـ بەت؛ خەتىب باغدادىينىڭ: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ تۇم، 386 ـ بەت؛ ئىبنى ھەمدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 63 ـ بەت؛ ئىبنى ھەمدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 63 ـ بەتلەرگە قاراڭ. كېيىنكى خۇلاسىسى، ئىمام نەۋەۋى بايان قىلغان مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار پەتىۋا بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پەتىۋا بېرىشتىن قورقاتتى، ئەيمىنەتتى، پەتىۋا بەرمەكچى بولسا، ئاللاھقا ئىستىخارە سېلىپ، ئاللاھتىن تەۋپىق، ھىدايەت، توغرىلىق تىلەيتتى، پەتىۋا بېرىشنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەيتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتتاب رەھىمەھۇللاھ پەتىۋا بېرىشتىن تەپ تارتاتتى، پەتىۋا بېرىشنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئاقىۋىتىدىن قورقاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھ ماڭا ھەسەت قىلغان كىشىنى مۇپتى قىلىۋەتسۇن». ئەگەر ئۇ پەتىۋا بېرىشنىڭ ئەجىر ـ مۇكاپاتىنى ئارزۇ قىلىپ قالسا: «پەتىۋا بېرىشنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن پايدىمۇ ئالماي، زىيانمۇ تارتماي قۇتۇلالىسامكەن» دەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى پەتىۋا بېرىشتىن قورققانلىقى ۋە پەتىۋا بېرىشنىڭ زور ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. لېكىن، ئۆلىمالار بىلىدىغان سوئاللارغا پەتىۋا بېرىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە، سۈكۈت قىلىشنىڭ ۋە باش تارتىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدە بىردەك قاراشتا. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ پەتىۋا سورالسا، پەتىۋا بېرىشى: ئىلىم تەلەپ قىلسا، ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر يۇرتتا ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم بولمىسا، ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشى ۋە ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشى پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر باشقا ئالىملارمۇ بولسا، ئۇنىڭغا پەرز ئەين بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئىشنى بىر قىسىم ئالىملار ئورۇندىسا، باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز كۇپايىگە ئايلىنىدۇ». شىيرازىينىڭ: «اللمع مع شرح بهجة الوصول»، 370 ـ بەتكە قاراڭ. ئۆلىمالار ئاۋام ـ خەلقنىڭ بىلمىگەن مەسىلىلەرنى سورىشىنىڭمۇ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق ئىسلامدىكى پەتىۋا مەنسىپى داۋاملىشىدۇ.

قولىدىن كەلسىلا پەتىۋانى باشقىلارغا ئىتتىرىپ تۇرىدىغان كىشى ئاللاھنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. توغرا جاۋابى كۆپ بولىدۇ».

بۇ ئىككى ئالىم بۇ سۆزىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىستە كەلگەن مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلغان: **«ئەمەل ـ مەنسەپ سورىمىغىن. سوراپ ئېرىشسەڭ، ياردەمسىز قالىسەن (يەنى ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالىسەن). سورىماستىن ئېرىشسەڭ، ئاللاھ ساڭا ياردەم بېرىدۇ»**[1].

[1] سەھىھ مۇسلىم، 1652 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

## بىرىنچى بۆلۈم

# ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇپتى تاللىشى

**خەتىب باغدادىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام (يەنى خەلىپە ياكى پادىشاھ) مۇپتىلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى؛ پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى توشىدىغانلارنى قالدۇرۇپ، سالاھىيىتى توشمايدىغانلارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىشى ۋە قايتا پەتىۋا بېرىشتىن توسۇشى؛ ئەگەر قايتا پەتىۋا بەرسە، جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەھدىت سېلىشى لازىم»[1].**

[1] مۇسۇلمان رەھبەرلەر باشقا ئۆلىمالار ئىلمى، ئىجتىھادى ۋە پەزىلىتىگە گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنىلا مۇپتىلىققا تەيىنلىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى، مۇپتىلارنىڭ رولى ئىجتىھاد ئارقىلىق كىتاب ۋە سۈننەتتىن شەرئىي ئەھكاملارنى قېزىپ چىقىشتا، سورالغان سوئاللارغا پەتىۋا بېرىشتە نامايان بولىدۇ. پەتىۋا ۋە پەتىۋا ئۈچۈن ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر ئىلاھىي قانۇندۇر. ئۇنىڭ يىلتىزى ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىيگە تۇتىشىدۇ. ئىسلام دىنىدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا خاستۇر. مۇپتى ئەمەلىيەتتە نۇرلۇق شەرىئەتنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋارىسىدۇر. مۇپتىلىق مەنسىپىگە سالاھىيىتى توشمايدىغان، فىقھ ئىلمىنى ياخشى بىلمەيدىغان كىشىلەر تەيىنلىنىپ قالغان بولسا، مەسئۇل رەھبەرلەر ئۇلارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىشى ۋە پەتىۋا بېرىشتىن چەكلىشى؛ ئەگەر پەتىۋا بېرىشنى داۋاملاشتۇرسا، جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەھدىت سېلىشى لازىم. مۇسۇلمان رەھبەرلەر بۇ ئىشنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىدۇر. بۇ ھەقتە خەتىب باغدادىي مۇنداق دەيدۇ: «رەھبەرلەر بۇنداق كىشىلەرنى (پەتىۋا بېرىشتىن) چەكلىشى لازىم. ئۇمەۋىيلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى». «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 324 ـ بەت. ئىسلام ئالىملىرى ئىلمىسىز پەتىۋا بېرىشنىڭ ئۇممەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى بىلىدىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **«كىشىلەر (ئالىم قالمىغاندا) جاھىللارنى ئۆزلىرىگە باش سايلىۋالىدۇ ـ دە، ئۇلاردىن پەتىۋا سورىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ ئۆزىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ»** (سەھىھۇل بۇخارىي، 98 ـ

ئىمامنىڭ پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى توشمىغانلارنى بىلىش ئۇسۇلى شۇ دەۋر ئالىملىرىدىن سوراش ۋە ئىشەنچلىك ئۆلىمالارنىڭ سۆزىگە تايىنىشتۇر. خەتىب ئۇز سەنەدى بىلەن ئىمام مالىكنىڭ: «يەتمىش ئالىم پەتىۋا بېرىشكە لايىق ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرمىگۈچە پەتىۋا بېرىپ باقمىدىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ: «ئۆزۈمدىن ئىلىملىك كىشىلەردىن: مېنى پەتىۋا بېرىشكە لايىق كۆرەمسىلەر؟ دەپ سورىماي تۇرۇپ پەتىۋا بەرمىدىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «كىشىنىڭ ئىلىملىك كىشىلەردىن سورىماي تۇرۇپ ئۆزىنى بىرەر ئىشقا لايىق كۆرۈشى توغرا ئەمەس».

---

تومۇرلۇق ھەدىس: سەھىھ مۇسلىم، 4828 ـ تومۇرلۇق ھەدىس) دېگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ، سالاھىيىتى توشمايدىغان تۇرۇپ پەتىۋا مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن ۋە پەتىۋا بېرىشكە ئۇرۇنغانلارنىڭ، شۇنداقلا بۇنداق كىشىلەرنى مۇپتىلىققا تەيىنلىگەنلەرنىڭمۇ ئوخشاش گۇناھكار بولىدىغانلىقىدا بىردەك قاراشتا بولغان. ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىش پەتىۋا بەرگۈچى ئۈچۈن دۇنيادا ۋابال، ئاخىرەتتە ئازابتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلىمالار «پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشمايدىغان تۇرۇپ پەتىۋا بەرگەنلەر پەتىۋاسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىي زىيانلارنى تۆلەيدۇ» دەپ قارىغان. بۇ ھەقتە زۇرقانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇجتەھىد پەتىۋاسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلىمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىلار (يەنى مۇجتەھىدلىك شەرتىگە توشمايدىغانلار) تۆلەيدۇ»، «مختصر خليل بشرح الزرقاني»، 6 ـ توم، 138 ـ بەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## مۆپتىلارنىڭ سۈپەتلىرى[1]

[1] ئۆلىمالار كىتابلىرىدا مۆپتىلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە بىر دەلىل قىلغۇدەك تورغۇن ئىسىل سۆزلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئىمام شاتىبى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ياخشى مۆپتى ئاۋام ــ خەلقنى ئۇلارنىڭ ھالىغا ماس كېلىدىغان ئوتتۇرا ھال يولغا يېتەكلەيدىغان، بەك چىڭ يول تۇتۇۋالمايدىغان، ئۇلارنى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا سەل قاراشقا ئېلىپ بارىدىغان بەك بوش يولغىمۇ باشلاپ قويمايدىغان كىشىدۇر. بۇ سۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئوتتۇرا ھاللىق شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن داغدام يولدۇر. ئاللاھنىڭ مەقسىتى مۇكەللەپ (بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ــ ھوشى جايىدا كىشى) نىڭ ئاشۇرۇۋېتىمەستىن، سەل قارىماستىن ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇشىدۇر. بۇنى ئېلگىرى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مۆپتى پەتىۋا بېرىشتە بۇ يولدىن چىقىپ كەتسە، شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ» . ئىمام شاتىبى: «الموافقات» ، 5 ــ توم، 277 ــ بەت. ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەرىئەتنىڭ ئوتتۇراھال بولىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئاساستا ئاسانلاشتۇرۇش ۋە قولايلاشتۇرۇش مۆپتىلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. بۇ ئوتتۇرا ھاللىق شەرىئەتنىڭ كۆللىياتلىرى بىلەن جۇزئىياتلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پۇختا بىلىش ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىگە ياخشى تەتبىقلاش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾، [سۈرە بەقەرە، 185 ــ ئايەت]. بۇ يەردە مۆپتىلارنىڭ بىر سۈپىتى سانالغان، مۆپتىلار ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئاسانلاشتۇرۇش ۋە قولايلاشتۇرۇش «شەرئىي تەكلىپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەركىمنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان دىنىي مەسىلىلەرگە قارشى پەتىۋا بېرىش، رۇخسەتلەرنى ئىمىسقلاپ يۈرۈش...» دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنگەن. بەلكى، شەرىئەتنىڭ ئۇسۇل ــ قائىدىلىرى، كۆللىياتلىرى ۋە ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن چىقىش يولى بار مەسىلىلەردە ئاسانلىق ۋە قولايلىق تەرەپنى تۇتۇپ پەتىۋا بېرىشتۇر. بىز كۆزدە تۇتقان ئاسانلىق مانا بۇ. مۆپتىلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە خەتىب باغدادىي مۇنداق دەيدۇ: «مۆپتى يەكۈنلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مۇلاھىزە قابىلىيىتى ياخشى، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، قىياس قىلىش ئىقتىدارى ياخشى، ئېغىر ــ بېسىق، سەۋرچان، كېڭىشىپ ۋە مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىدىغان، دىندار، قەۋم ــ قېرىنداشلىرىغا كۆيۈمچان، ئادىسگەرچىلىكى كۈچلۈك، يېمەك ــ ئىچمىكىنىڭ پاك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان (چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ

ئۆلىمالار: «مۆپتى ـ پەرھىزكارلىق، دىيانەت، ئۆزىنى پاك تۇتۇش جەھەتلەردە مەشھۇر كىشى بولۇشى لازىم» دەيدۇ.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ ئۆزى باشقىلارنى بۇيرۇمايدىغان ئىشلارغىمۇ ئەمەل قىلاتتى. ئۇ: «كىشى باشقىلارنى قىلىشقا بۇيرۇمايدىغان، قىلمىسا گۇناھكار بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆزى قىلمىغۇچە ئالىم ھېسابلانمايدۇ» دەيتتى ۋە ئۇستازى رەبىئەدىن[1] شۇنىڭغا ئوخشاش گەپنى رىۋايەت قىلاتتى.

---

ئەۋىيقىگە ئېرىشىشنىڭ ئۇنجى قەدىمىدۇر)، شۇبھىلەردىن ئۆزىنى تارتىدىغان، ناتوغرا تەئۋىللەردىن يىراق، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدىغان، داۋاملىق پەتىۋا مەنبەلىرى ۋە ئىجتىھاد يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان كىشى بولۇشى؛ غايىل، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئەستە تۇتۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاجىز، چىشى پاتمايدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب كېرىۋالىدىغان، بىلمىگەن مەسىلىلەرگە پەتىۋا بېرىدىغان ئەقلى كەمتۈك كىشى بولماسلىقى لازىم». خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 158 ـ بەت. مۆپتى پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ سىرلىرىنى ساقلىيالايدىغان، سىر ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۆزى پەتىۋا بەرگەن ياخشى ئىشلارغا ئەمەل قىلىدىغان، ئۆزى توسقان يامان ئىشلاردىن يانىدىغان، تىلى بىلەن ئىش ـ ھەرىكىتى بىردەك كىشى بولۇشى لازىم. مۆپتىلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك خىسلەتنى ھازىرلىماي تۇرۇپ كىشىنىڭ ئۆزىنى پەتىۋا بېرىشكە لايىق كۆرۈشى جائىز ئەمەس. بۇ خىسلەتلەر: 1) نىيەت. نىيىتى دۇرۇس بولمىغان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ، سۆزىنىڭمۇ نۇرى بولمايدۇ. دۇرۇس نىيەت — پەتىۋا بېرىشتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشتۇر؛ 2) ئىلىملىك، ئېغىر ـ بېسىق ۋە تەمكىن بولۇش؛ 3) پەتىۋانىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، پەتىۋانى چۈشىنىدىغان بولۇش يەنى ئىلمىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش، ئاجىز بولماسلىق؛ 4) ئىقتىدارلىق بولۇش، ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەر ئۇنى چاينىۋېتىدۇ؛ 5) ئىنسانلارنى چۈشىنىش». ئىنسانلارنى چۈشىنىش پەتىۋا بېرىشتىكى مۇھىم پىرىنسىپلارنىڭ بىرىدۇر. ھەرقانداق مۆپتى بۇنى بىلىشى لازىم. ئىبنى قەييىم جەۋزىييە، «إعلام الموقعين»، 4 ـ توم، 155 ـ بەت.

[1] **رەبىئە (رەبىئەتۇررەئيى دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر):** ئەبۇ ئوسمان ئىبنى ئەبى ئوسمان فەررۇخ، تەيمى قەبىلىسى مۇنكەدىر جەمەتىنىڭ ئازادگەردىسى، مەدىنە مۆپتىسى، ئۆز دەۋرىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن چىققان كاتتا ئالىم. ئۇ مۆپتى ۋە مۇجتەھىد ئىماملاردىن بولۇپ، قىيىن، چىگىش مەسىلىلەرنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلالايتتى. ئۇنىڭدىن ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ ئىلىم ئالغان. تەرجىمھالى ئۈچۈن: «تاريخ بغداد»، 8 ـ توم، 420 ـ بەت ۋە باشقا كىتابلارغا قاراڭ.

ئۈچىنچى بۆلۈم

# مۆپتىلارنىڭ شەرتلىرى[1]

مۆپتى — مۆكەللەپ[2]، مۇسۇلمان[3]، ئىشەنچلىك[4]، سەممىي،

[1] مۆپتىلىق ناھايىتى ئۇلۇغ، بۈيۈك دىنىي مەنسەپ بولغاچقا، بەتتۋا بەرمەكچى بولغان كىشىدە ئۇنى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان شەرتلەر تېپىلىشى زۆرۈر. بۇ شەرتلەر ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي شەرتلەر دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. خۇسۇسىي شەرتلەر مۆپتىلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ خالىسا، كېيىنكى بۆلۈمدە تەپسىلىي توختىلىمىز. ئومۇمىي شەرتلەر بارلىق مۆپتىلارغا ئورتاق شەرتلەر بولۇپ، بۇلارنى تىمام نەۋەۋى مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلغان.

[2] مۆپتى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشى بولۇشى لازىم. بۇ، بالاغەتكە يېتىش ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇش بىلەنلا بولىدۇ. چۈنكى، ئەقىل تەكلىپ (شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇش) نىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلامدا بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا، ئەقلىنى يوقاتقان مەجنۇنغا تەكلىپ يوق. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ خىتابىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. بەزىدە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەمدەك، بەزىدە ساراڭلاردەك سۆزلەيدىغان ئېلىشىپ قالغان كىشىلەرمۇ بۇقىرىقى ئىككى خىل كىشىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مۆپتىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق، پەتىۋاسى ساغلام بولۇشى ئۈچۈن مۆكەللەپ بولۇشى شەرتتۇر.

[3] مۆپتىنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش قاتارلىق ئىمان ئەركانلىرىغا تولۇق ئىمان ئېيتقان مۆئمىن، مۇسۇلمان بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى، مۆپتى مۆئمىن، مۇسۇلمان بولمىسا، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى، ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرى ۋە ئاللاھنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلەلىشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟! ئىماننىڭ قارىمۇقارشىسى كاپىرلىقتۇر. كاپىرلىق دىن ۋە دىن ئەھلىنى دۈشمەن تۇتۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىللارنىڭ بىرى. ناۋادا كاپىرنىڭ پەتىۋا بېرىشى ۋە مۆپتىلىققا تەيىنلىنىشى جائىز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن ئىسلام ئۇممىتىگە كۆيۈنۈش ۋە يول كۆرسىتىشىنى قانداقمۇ كۈتكىلى بولسۇن؟! ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ كىتابىدا: **«ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ»** [سۈرە نىسا، 141 ـ ئايەت] دېگەن تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقمۇ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بولسۇن؟! شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەرت ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر.

[4] مۆپتىنىڭ دىندا ئىشەنچلىك، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىدا ئامانەتدار كىشى بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى، مۆپتى ئىشەنچلىك بولغاندىلا دەلىللاردا پەتىۋاسىنىڭ ئىشەنچلىك،

پىسقى ـ فۇجۇردىن ۋە ئادەمگەرچىلىككە زىت ئىشلاردىن خالىي[1] ، فەقىيھۇننەپس[2] ، زىھنى ساغلام[3] ، پىكرى ئۆتكۈر[4] ، قىياس قىلىش ۋە يەكۈنلەش ئىقتىدارى يۇقىرى[5] ، ھوشيار كىشى بولۇشى شەرت. بۇ شەرتلەر تېپىلسا ، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن ، ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھەتتا ئەما ياكى گاچا بولغان تەقدىردىمۇ[6] ، خەت يازالىسا ياكى بىلگىلى بولغۇدەك ئىشارەت قىلالىسىلا ، پەتىۋا بەرسە بولىدۇ.

---

توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ.

[1] مۇپتىنىڭ پىسقى ـ پۇجۇر ۋە ئادەمگەرچىلىكنى رەندىلەيدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى شەرتتۇر. بۇ سۈپەت ئۆلىمالار ئارىسىدا «ئادالەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادالەت — ساھىبىنى تەقۋادارلىققا ، ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىشقا ، دۇرۇس ۋە دىيانەتدار بولۇشقا ئۈندەيدىغان ، قەلبكە مۇستەھكەم يەرلەشكەن روھىي ھالەتتۇر. كىشىدە بۇ سۈپەت بولغاندىلا ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدۇ. ئادالەتنىڭ ئۆلچىمى — ھالاك قىلغۇچى گۇناھى كەبىرىلەردىن ساقلىنىش ، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرماسلىقتۇر. ئادالەتنىڭ قارىمۇقارشىسى پاسىقلىقتۇر. پاسىق مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ، ئۇ پاسىقلىقى ئارقىلىق ئۆزى بىلمەن رەببى ئارىسىدىكى پەردىنى يىرتقان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆلىمالار مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئادالەتنى شەرت قىلغان.

[2] مۇپتىنىڭ «فەقىيھۇننەپس» بولۇشى شەرتتۇر. فەقىيھۇننەپس «فىقھى ئىلمىدە چىنىققان ، پەتىۋا بېرىش تەجرىبىسىگە ئىگە ، ھەر دائىم پەتىۋا مەنبەلىرى ۋە ئىجتىھاد يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان كىشى» دېمەكتۇر.

[3] مۇپتىنىڭ ساغلام زېھىن ئىگىسى بولۇشى شەرتتۇر. يەنى مۇلاھىزە ئىقتىدارى ياخشى ، بوزۇق تەئۋىللەردىن يىراق بولۇشى شەرتتۇر.

[4] مۇپتىنىڭ پىكرى ئۆتكۈر بولۇشى شەرتتۇر يەنى ئەستە تۇتۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولماسلىقى كېرەك.

[5] مۇپتىنىڭ قىياس قىلىش ۋە يەكۈنلەش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى شەرتتۇر. يەنى قىياس قىلىش ۋە دەلىللەرنى يەكۈنلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇشى شەرت.

[6] مۇپتىنىڭ گەپ قىلالايدىغان ، كۆزى ساغلام ، ھۆر ، ئەر كىشى بولۇشى شەرت ئەمەس. ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي شەرتلەر ھازىرلانسا ، خەت يازالايدىغان ياكى چۈشىنىشلىك ئىشارەت قىلالايدىغان گاچا ، ئەما ، ئايال كىشى قاتارلىقلارمۇ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. ئۆلىمالار بۇنى ئوچۇق بايان قىلغان. سەئد تافتازانىي: «شرح التلويح على التوضيح» ، 2 ـ توم ، 117ـ118 ـ بەتلەر؛ شاتىبىي: «الموافقات» ، 1 ـ توم ، 785 ـ بەت؛ ئىبنى قەييىم جەۋزىييە: «إعلام الموقعين» ، 1 ـ توم ، 37ـ38 ـ بەتلەر.

## □ مۇپتىلارنىڭ ھۆكۈملىرى[1]

[1] مۇپتىلارنىڭ ئۇرغۇن ھۆكۈملىرى بولۇپ، بۇلارنى ئۆلىمالار كىتابلىرىدا خاتىرىلىگەن. بۇ ھۆكۈملەرگە رىئايە قىلىش، ئۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەسلىك كېرەك. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىمام نەۋەۋى مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلغان. تۆۋەندە بۇ ھۆكۈملەرنى قىسقىچە بايان قىلىمىز: 1) مۇپتىنىڭ پەتىۋاسى شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئەمەس، بەلكى راۋىنىڭ رىۋايىتىگە ئوخشايدۇ. قازىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەكسىچە، مۇپتىنىڭ پەتىۋاسى مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە ئەمەس؛ 2) مۇپتى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ۋە ئۆچ - ئاداۋەت، پايدا ۋە زىيان قاتارلىق ئىشلار تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مۇپتى شەخسكە قاراپ ئۆزگەرمەيدىغان شەرئىي ھۆكۈمدىن خەۋەر بېرىدىغان كىشىدۇر؛ 3) پەتىۋا بەرگۈچى قازى بولسا، ئۇنىڭ دەۋا - دەستۇر، جېدەل - ماجىرا مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بېرىشى مەكرۇھ. ئەمما، تاھارەت ۋە ئىبادەت مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بېرىشى مەكرۇھ ئەمەس. دەۋا - دەستۇر، جېدەل - ماجىرا مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بېرىشمۇ مەكرۇھ ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار؛ 4) مۇپتىنىڭ پەتىۋا بېرىشتە بىپەرۋالىق قىلىشى، چەكلەنگەن ياكى مەكرۇھ ھىيلە - چارىلەرنى ئىزدىشى، پايدىغا ئېرىشتۈرگۈسى بارلارغا رۇخسەتلەرنى، زىيان تارتقۇزغۇسى بارلارغا چىڭ پەتىۋالارنى ئىزدىشى جائىز ئەمەس؛ 5) مۇپتىنىڭ غەزىپى ئۆرلىگەن، قورسىقى قاتتىق ئاچقان، قاتتىق ئۇسسىغان، قاتتىق قايغۇرغان ياكى قاتتىق خۇشال بولغان دېگەندەك ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزىدىغان ياكى مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ھالەتلەردە پەتىۋا بېرىشى جائىز ئەمەس؛ 6) مۇپتىنىڭ ياقا يۇرتلۇق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا پەتىۋا بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ پەتىۋا سورىغۇچى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولمىسا، كۆپ خاتا پەتىۋالارنى بېرىپ قويىدۇ؛ 7) كىتابلاردىن ئىماملىرىنىڭ مەزھىپىنى نەقىل قىلىپ پەتىۋا بېرىدىغان كىشى پەقەت سەھىھلىكى ۋە مەزھەپ ئالىملىرى تەرىپىدىن كىتابىنىڭ مۇئەللىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانغان كىتابقىلا تايىنىشى لازىم؛ 8) بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سورالسا ۋە شۇ يۇرتتا ئۇنىڭدىن باشقا مۇپتى بولمىسا، جاۋاب بېرىش ئۇنىڭ گەردىنىگە چۈشىدۇ؛ ئەگەر باشقا مۇپتىمۇ بولۇپ، ئىككىلىسى بار سورۇندا پەتىۋا سورالغان بولسا، جاۋاب بېرىش ئىككىلىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ؛ قايسىسى جاۋاب بەرسە، مەسئۇلىيەت ئادا بولىدۇ. ئەگەر سورۇندا ئۇنىڭدىن باشقا مۇپتى بولمىسا، بەزىلەر: «پەتىۋا بېرىش گەردىنىگە چۈشىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «جاۋاب بېرىشى ۋاجىب ئەمەس» دەيدۇ. بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر؛ 9) مۇپتى ئۆز مەزھىپىدىن باشقا مەزھەپ بويىچە پەتىۋا بەرسىمۇ بولىدۇ، لېكىن شۇ مەزھەپنى ۋە مەزھەپنىڭ دەلىللىرىنى ياخشى بىلىشى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىغا باشقا مەزھەپ بويىچە پەتىۋا بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى شەرتتۇر؛ 10) مۇپتى ئىلگىرى ئىزدىنىپ باقمىغان يېڭى مەسىلىگە دۈچ كەلسە، پەتىۋا بېرىشتىن ئىلگىرى ئىجتىھاد قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئىلگىرى ئىزدىنىپ بولغان مەسىلە بولسا، قايتا ئىزدىنىشى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى: ئىلگىرىكى پەتىۋاسى قەتئىي نەس (ئايەت ياكى ھەدىس) ياكى ئىجمائقا تايانغان بولسا، قايتا ئىزدىنىشى كېرەك ئەمەس. ئەگەر قەتئىي بولمىغان دەلىلگە تايانغان بولسا،

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىغا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، ئۆچ ـ ئاداۋەت، پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ شەخس ئايرىمايدىغان شەرىئەتنى خەۋەر بېرىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ گۇۋاھچىغا ئەمەس، بەلكى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ[1]. چۈنكى، ئۇنىڭ پەتىۋاسى قازىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەكسىچە مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس.

«الحاوي» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى پەتىۋادا مەلۇم شەخسكە دۈشمەنلىك قىلغان بولسا، ئۇ ئىككىلەن

ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا قايتا ئىزدىنىشى كېرەك ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجتىھادى سەھىھ ئىجتىھاد، يەنە قايتا ئىجتىھاد قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ دەلىلى ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىدۇر. ئۇلاردىن بىر مەسىلە تەكرار سورىلاتتى ۋە ئاۋۋالقى جاۋابنى بېرەتتى. بەزى ئالىملار: ئېھتىيات يۈزىسىدىن تەكرار ئىزدىنىشى كېرەك، چۈنكى ئىجتىھاد ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىش تەكرار ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، بۇ مەسىلىنى مۇنداق تەپسىلىي ئايرىش لازىم: مۇپتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىجتىھادى ئېسىدە بولسا، شۇ بويىچە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ؛ ئېسىدە بولمىسا، يېڭىدىن ئىزدىنىپ پەتىۋا بېرىشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئىككى قاراشنى ماسلاشتۇرغان بولىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن دېمەككى، ئىككىنچى قېتىملىق ئىزدىنىشى دەسلەپكى ئىزدىنىشىدىن پەرقلىق جاۋابقا ئېلىپ بارغان بولسا، كېيىنكى قارىشى بويىچە پەتىۋا بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەر دائىم يېڭى شەيئىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ. مۇپتى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق يېڭى ئىلىم ۋە پايدىلىق شەيئىلەرنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن، پەتىۋا سورىغۇچى پەتىۋاغا ئەمەل قىلىپ بولغان بولسا، يېڭى قارىشىنى بىلدۇرۇپ قويۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلار مۇپتىلارنىڭ قىسقىچە ھۆكۈملىرىدۇر. مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ مۇھىملىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. تەپسىلاتى ئۈچۈن: «الفتوى» ناملىق كىتابىمنىڭ 108ـ109 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

[1] يەنى راۋىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى ۋە دوست ـ دۈشمىنىگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىشى ياكى ئۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىشى چەكلەنمىگەنگە ئوخشاش، ئۇلارغا پەتىۋا بېرىشىمۇ چەكلەنمەيدۇ. ئەمما، ئۇلارغا قىلغان ھۆكمى ۋە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ ھۆكمى دۆلەت كۈچى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ، شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ شەرىئەتتە دەلىل ـ ئىسپات سانالغانلىقى ئۈچۈن، قارشى تەرەپكە جىنايەت ياكى ھەق ـ تەلەپ بېكىتىدۇ. ئەمما، مۇپتىنىڭ پەتىۋاسى ئۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. ــ ت.

رەقىبلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ، مۇيىتنىڭ ئۇنىڭ زىيىنىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى رەت قىلىنغانغا ئوخشاش پەتىۋاسىمۇ رەت قىلىنىدۇ»[1].

## □ پاسىقنىڭ پەتىۋا بېرىشى

ئۆلىمالار پاسىقنىڭ[2] پەتىۋا بېرىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگە بىرلىككە كەلگەن[3]. خەتىب باغدادىي بۇ مەسىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى بارلىقىنى نەقىل قىلىدۇ[4].

[1] مۇپتى مەلۇم شەخسنى ئۆچ كۆرۈپ، شەرئىي سەۋەبسىز جىنىڭ قاراش بويىچە پەتىۋا بەرگەن بولسا، ئۇ ئىككىيلەن ئۆزئارا رەقىبلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ، رەقىبلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى رەت قىلىنغانغا ئوخشاش مۇيىتنىڭ پەتىۋاسىمۇ رەت قىلىنىدۇ. يەنى بۇنداق ئەھۋالدا مۇپتى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىغا ئەمەس، بەلكى گۇۋاھچىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. — ت.

[2] پاسىق: چوڭ گۇناھ سادىر قىلىپ، تەۋبە قىلمىغان ياكى كىچىك گۇناھلارنى سەۋەبسىز داۋاملاشتۇرغان كىشىدۇر. بۇ، پاسىقنى بېكىتىشنىڭ قائىدىسى. لېكىن، بىر قىسىم گۇناھلارنىڭ چوڭ گۇناھ ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بولغانلىقى؛ بىر قىسىم ئىشلار بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مۇباھ بولسا، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مەكرۇھ، كىچىك گۇناھ سانالغانلىقى ئۈچۈن، شەخسلەرگە «پاسىق» دەپ ھۆكۈم قىلىشمۇ مۇشۇ ئىختىلاپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. — ت.

[3] بىلگىنكى، پەتىۋانىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋە مەقبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى ئادالەتتۇر. چۈنكى، ئادالەتنىڭ قارىمۇقارشىسى پاسىقلىقتۇر. پاسىق مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، پاسىق ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە ھىيلە ئىشلىتىشى ۋە ئۆتنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈشى، پەتىۋا سورىغۇچىلارنى ئالدايدىغان سۆزلەرنى قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ؛ رىۋايىتى، گۇۋاھلىقى ۋە پەتىۋاسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ، ئۇسۇلۇل فىقھ ئالىملىرى ۋە فەقىھشۇناسلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قارىشىدۇر. ئىمامۇلھەرەمەيىن جۇۋەينىي: «غياث الأمم»، 403 ـ بەت.

[4] نۇرغۇن ئالىملار مۇپتىنىڭ ئادالەتلىك (يەنى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرمىغان، ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىدىغان) بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىدە ئىجماﺋ بارلىقىنى نەقىل قىلغان. ئىبنى ھەمەدان «صفة الفتوى» ناملىق كىتابىنىڭ 275 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ مۇسۇلمان، مۇكەللەپ، ئادالەتلىك كىشى بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلار ئىجماﺋ قىلغان». مۇھەققىق ئالىم كامال ئىبنى ھۇمام «التحرير بشرح التقرير والتحبير» ناملىق كىتابىنىڭ 3 ـ توم، 345 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى بىرلا كىشىدىن پەتىۋا سورايدىغان ھالەت يۈز بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىجتىھاد ۋە ئادالەتتە تونۇلغان كىشىدىن پەتىۋا سوراشنىڭ جائىزلىقىغا، ئۇ

لېكىن، (پەتىۋا بەرگۈدەك ئىلمىي سەۋىيەگە ئىگە) پاسىق كىشى بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئۆز ئىجتىھادى بويىچە ئىش قىلسا بولىدۇ[1].

### □ «مەستۇر»نىڭ پەتىۋا بېرىشى

مەستۇر ـ قارىماققا ئادالەتلىك[2]، ئەمما ئىچكى ئادالىتى تەكشۈرۈلمىگەن

---

ئىككىسىدىن بىرى تېپىلماسلىق ئېھتىمالى بار كىشىدىن پەتىۋا سوراشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگە بىرلىككە كەلگەن». ھەنەفىي مەزھىپىدە «پاسىقنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىز» دەيدىغان ئىجماتقا خىلاپ، ئاجىز قاراشمۇ بار. ئىمام زەيلەئىي: «تبيين الحقائق شرح كنز الدقائق بحاشية الشلبي» ناملىق كىتابىنىڭ 4 ـ توم، 176 ـ بېتىدە مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن. زەيلەئىي ۋە «كنز الدقائق» نىڭ مۇئەللىپى نەسەفىي بۇ قاراشنى قوللىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان. ئەللامە ئىبنى ئابىدىن «رد المحتار على الدر المختار»، 5 ـ توم، 359 ـ بېتىدە بۇ قاراشنى ئاجىز دەپ قارىغان ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ بايان قىلغان شەرتلىرى زامانىمىزدا تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ (يەنى پاسىق) بۇزۇق غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەستەن زورۇر نەسلەر (ئايەت ۋە ھەدىسلەر) نى نەزەردىن ساقىت قىلىشى ھەتتا نەسكە قارشى چىقىپ، نەسنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشىمۇ مۇمكىن... شۇنىڭ ئۈچۈن، پاسىق مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئەسلا تايانغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ قاراش بويىچە پەتىۋا بېرىلىدۇ». «پاسىقنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىز» دەيدىغان ئىجماتقا خىلاپ قاراش بىر قىسىم ھەنبەلىي ئالىملىرىغىمۇ مەنسۇپ قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، بۇ مەسىلىدىكى ئىجمائ دەۋاسى يۈزەكى دەۋا بولۇپ قالغان. بۇ مەسىلىدىكى ئىجمائتىن بارلىق ئالىملارنىڭ ئاشكارا ئىجماسى ئەمەس، بەلكى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ ئىجماسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، كۆپ سانلىقنىڭ ئىجماسىمۇ دەلىل دەپ قارايدىغانلارنىڭ قارىشىدا ئىجمائ دەۋاسى توغرا دەۋا بولىدۇ.

[1] بۇمۇ مۇپتىلارنىڭ ھۆكۈملىرى جۈملىسىدىندۇر. بىر يۇرتتا بىرلا مۇجتەھىد مۇپتى بولۇپ، مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىشى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر شۇ يۇرتتا باشقا مۇپتىمۇ بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر ھەر ئىككى مۇپتى بار يەردە پەتىۋا سورالغان بولسا، جاۋاب بېرىش ئىككىلىسىنىڭ گەردىنىگە پەرز كۇپايە بولىدۇ (يەنى قايسىبىرى جاۋاب بەرسە، مەسئۇلىيەت ئادا بولىدۇ). ئەگەر بىرلا بار يەردە پەتىۋا سورالغان بولسا، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، سورۇنغا ھازىر بولغان مۇپتىنىڭ جاۋاب بېرىشى پەرز ئەيىن بولىدۇ. ئۇنىڭ پەتىۋا سورىغۇچىنى باشقا مۇپتىغا ھاۋالە قىلىشى جائىز ئەمەس. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىش پەرز ئەيىن بولمايدۇ. بۇ، كۈچلۈك قاراشتۇر. «الفتوى» ناملىق كىتابىمىزنىڭ 107 ـ بېتىگە قاراڭ.

[2] ئادالەت ــ ساھىبىنى تەقۋادارلىققا، ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىشقا، دۇرۇس ۋە دىندار

كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**مەستۇرنىڭ[1] پەتىۋا بېرىشى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار[2]:**

---

بولۇشقا ئۈندەيدىغان، قەلبكە مۇستەھكەم يەرلەشكەن روھىي ھالەتتۇر. كىشىدە بۇ سۈپەت بولغاندىلا ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدۇ. ئادالەتنىڭ ئۆلچىمى — چوڭ ۋە ھالاك قىلغۇچى گۇناھلاردىن ساقلىنىش، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرماسلىقتۇر. ئادالەتنىڭ قارىمۇقارشىسى پاسىقلىقتۇر. پاسىق مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پاسىقلىقى ئارقىلىق ئۆزى بىلەن رەببى ئارىسىدىكى پەردىنى يىرتقان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئادالەتنى شەرت قىلغان، — ت.

[1] مەستۇر — قارىماققا ئادالەتلىك (يەنى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرمىغان، ئادەمگەرچىلىكى زىدلەنمىگەن)، لېكىن ئىچكى ئەھۋالىنى بىز تەكشۈرۈپ باقمىغان كىشىدۇر. مۇئەللىپ بايان قىلغىنىدەك، بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. بۇ يەردە يەنە «مەجھۇل كىشىنىڭ پەتىۋا بېرىشى» مەسىلىسىمۇ بار. مەجھۇل كىشى — ئادىل ياكى پاسىقلىقى بىلىنمىگەن كىشىدۇر. مانا بۇ «مەستۇر» بىلەن «مەجھۇل» ئارىسىدىكى پەرقتۇر. كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار ۋە ئۇسۇلۇل فىقھ ئالىملىرى «مەستۇر» بىلەن «مەجھۇل» ئارىسىدا ماھىيەت ۋە ئۇقۇم جەھەتتە پەرق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈم جەھەتتىمۇ پەرق يوق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى پەرقلىقتۇر.

[2] مەستۇرنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىزمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، جائىز ۋە جائىز ئەمەستىن ئىبارەت ئىككى خىل قاراش بار. شافىئىيلارنىڭ قارىشىدىكى سەھىھ قاراش: پەتىۋا بېرىشى جائىز. ھەنەفىي ۋە مالىكىيلارنىڭ قارىشىمۇ شافىئىيلارنىڭكىگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ مۇپتىنىڭ ئىچكى ئادالىتىنى تەكشۈرۈپ بولۇشى قىيىنغا توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاشقى ئادالەتنى ئۆلچەم قىلسا يېتەرلىك. ئادەتتە ئالىملار ۋە مۇپتىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئادالەتلىك كېلىدۇ. ھۆكۈم كۆپچىلىككە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئىبنى ھاجىب «مختصر المنتهى»، ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 307 ـ بېتىدە مۇشۇ قاراشقا ئىشارەت قىلغان. مۇسۇلمان ئەسلىدىلا ئادالەتلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن مەستۇردا ئەسلى بىلەن زاھىردىكى ئادالەت تەڭ تېپىلغان بولىدۇ. بۇ، فىقھشۇناسلار ئارىسىدا مۇئەييەنلەشكەن فىقھىي قائىدىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بۇ قاراشنى تەرجىھ قىلىشى (كۈچلەندۈرۈشى) نىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ. ھۆججەتۇلئىسلام ئىمام غەززالىي «المستصفى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ توم، 266 ـ بەت ۋە 2 ـ توم، 628 ـ بېتىدە بۇ قاراشقا قارشى چىققان ۋە مەستۇرنىڭ پەتىۋاسىنى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە رىۋايىتىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىغا قىياس قىلىپ، يەنە بىر خىل قاراشنى يەنى «مەستۇرنىڭ پەتىۋاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن قاراشنى قوللىغان. ھەنبەلىي مەزھىپىدىمۇ مەستۇرنىڭ پەتىۋا بېرىشى ھەققىدە جائىز ۋە جائىز ئەمەس دېيىدىغان ئىككى خىل قاراش بار. لېكىن، مەزھەبتىكى كۈچلۈك قاراش: «پەتىۋا بېرىشى جائىز» دېگەن قاراشتۇر. ئىبنى مۇفلىھ: «الفروع»، 6 ـ توم، 428 ـ بەت. ھەنبەلىي ئالىملىرىدىن ئىبنى ھەمدان ۋە ئىبنى قەييىم جەۋزىييە قاتارلىقلار كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا كۈچلۈك، ھەنبەلىي مەزھەبتە ئاجىز بولغان «مەستۇرنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىز

1. پەتىۋا بېرىشى جائىز. بۇ، سەھىھ قاراشتۇر. چۈنكى، قازىلاردىن باشقىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئادالىتىنى بىلىپ بولۇشى قىيىن.

2. مەستۇرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمىغانغا ئوخشاش پەتىۋاسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ناتونۇش شاھىتلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇلغان نىكاھنىڭ دۇرۇس بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بولغانغا ئوخشاش بۇ مەسىلىدىمۇ ئىختىلاپ بار[1].

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ[2]: «ئازغۇنلارنىڭ، خاۋارىجلارنىڭ ۋە

ئەمەس» دېگەن قاراشنى قوللىغان ۋە بۇ قارىشىدا كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ دەلىللىرىنى ئاساس قىلغان. ئىبنى ھەمدان: «صفة الفتوى»، 291 ـ بەت؛ ئىبنى قەييىم جەۋزىييە: «إعلام الموقعين»، 2 ـ توم، 537 ـ بەت. مەجھۇل كىشىنىڭ پەتىۋا بېرىشىدىمۇ ئوخشاشلا ئىختىلاپ بار. لېكىن، پىسقى ـ پۇجۇر ئەۋج ئالغان، بۇزۇلغان بۇ زاماندا ئادالەت ۋە ئىلىمدە تونۇلغان كىشىلەرلا پەتىۋا بېرىشى لازىم. بۇنى كىشىلەردىن سوراش، پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ جەمئىيەتتە ئىلىم ۋە ئادالەتتە مەشھۇرلۇقى قانارلىق قىڭسۇناسلار باياپ قىلغان يوللار ئارقىلىق ئاسانلا بىلگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تېلېۋىزور، رادىيو قاناللىرى، فېيسبوك، ئىنتېرنېت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىدە پەتىۋا بېرىۋاتقان ئادالىتى نامەلۇم ياكى ئىلىمسىز، لاياقەتسىز پەتىۋاچىلار، شۇنداقلا سوئاللارغا ئالىملار ۋە مۇجتەھىدلەر بېكىتكەن پەتىۋانىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى ۋە شەرئىي ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلماستىن جاۋاب بېرىۋاتقانلارمۇ مەجھۇل ۋە مەستۇرنىڭ ھۆكمىدىدۇر. بۇ سەلبىي ھادىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توسۇشنىڭ توغرا چارىسى — ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ مۇھۇرى بېسىلغان، پەتىۋا بەرگۈچىلەرنى شەرئىي پەتىۋانىڭ ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي شەرتلىرىگە، قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بىر نىزامنامە تارقىتىشتۇر. بارلىق مۇسۇلمانلارغا شۇنداق چاقىرىق قىلىمەنكى، پەتىۋا ئاللاھنىڭ دىنىدۇر، دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىڭلارغا قاراڭلار!

[1] ئادىل ياكى پاسىقلىقى بىلىنمىگەن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئوقۇلغان نىكاھنى بەزى ئالىملار: «توغرا نىكاھ بولىدۇ.» دېسە، يەنە بەزىلەر: «توغرا نىكاھ بولمايدۇ» دېيدۇ. كۈچلۈك قاراش زامانىمىزدا پىسقى ـ پۇجۇر ئەۋج ئالغانلىقى ۋە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئادالىتى نامەلۇم كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئوقۇلغان نىكاھ سەھىھ نىكاھ بولمايدۇ.

[2] سەيمەرىينىڭ سۆزىدىن بۇ بابنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزمۇنلار بەسسام ئابدۇلۋاھھاب جابىي نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىدىن ئېلىندى. بۇ مەزمۇنلار تەرجىمىگە ئاللانغان نۇسخىدا مەۋجۇت ئەمەس. — ت.

بىر كاپىر ياكى پاسىق دەپ قارىمايدىغان بىدئەتچىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىز».

خەتىب باغدادىي بۇنى نەقىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «رافىزىيلار ۋە سەلەپ سالىھلارنى تىللايدىغان ئەقىدىسى بۇزۇقلانىڭ پەتىۋالىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، سۆزلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ».

قازى ماۋەردىيمۇ باشقا ئالىملارغا ئوخشاش «ئازغۇنلار، خاۋارىجلار ۋە بىز كاپىر ياكى پاسىق دەپ قارىمايدىغان بىدئەتچىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشى ھېچقانداق مەكرۇھلۇقسىز جائىز» دەپ قارايدۇ.

بۇ، مەزھىپىمىزدىكى سەھىھ قاراشتۇر.

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «شەيخ ئەبۇ ھامىد (ئىسفىرايىينىي) نىڭ بەزى ئىزاھاتلىرىدا كۆردۈمكى، بۇنداق ئادەملەر (يەنى ئازغۇنلار، خاۋارىجلار ۋە كاپىر ياكى پاسىق دەپ قارالمايدىغان بىدئەتچىلەر) ئىبادەت ۋە قازىلىققا مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەردە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. بۇلارنىڭ قازىلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە پەتىۋا بېرىشى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار:

1. پەتىۋا بېرىشى جائىز، چۈنكى ئۇنىڭ سالاھىيىتى توشىدۇ.

2. جائىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ تۆھمەت ئوبيېكتىدۇر».

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «(قازىلارنىڭ) شەرئىي ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بېرىشى مەكرۇھتۇر».

قازى شۇرەيھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۆكۈم قىلىمەن، پەتىۋا بەرمەيمەن».

## تۆتىنچى بۆلۈم

# مۇپتىلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە شەرتلىرى

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى ‹مۇستەقىل مۇپتى› ۋە ‹غەيرى مۇستەقىل مۇپتى› دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ».

### □ مۇستەقىل مۇپتىلارنىڭ شەرتلىرى[1]

بىز يۇقىرىدا مۇپتىلارنىڭ بىر قىسىم شەرتلىرىنى بايان قىلدۇق. بۇ بۆلۈمدە مۇستەقىل مۇپتىلارنىڭ بىر قىسىم مۇھىم شەرتلىرىنى بايان قىلىمىز. مۇستەقىل مۇپتى شەرئىي ئەھكاملارنىڭ كىتاب، سۈننەت، ئىجما، قىياس قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان دەلىللىرىنى تەپسىلىي بىلىشى (بۇلار فىقھ كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ھازىر فىقھ كىتابلىرىنى تېپىش ئاسان)؛ دەلىللەرنىڭ شەرتلىرىنى[2]، دالالەت يوللىرىنى ۋە قانداق

---

[1] مۇپتىلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەر ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. مۇستەقىل مۇپتىلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەرمۇ باشقا مۇپتىلارغا قويۇلىدىغان شەرتلەردىن پەرقلىق بولۇپ، بىز تۆۋەندە ئۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز: بىرىنچى: **قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر:** قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك شەرتلەرگە كەلسەك، مۇستەقىل مۇپتىنىڭ ئايەتلەرنىڭ لۇغەتتىكى ۋە شەرئەتتىكى مەنىلىرىنى بىلىشى شەرتتۇر. لۇغەتتىكى مەنىلىرى دېگىنىمىز: سۆزلۈكلەر ۋە جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى بىلىشتۇر. بۇ ئىش گىرامماتىكا، مورفولوگىيە، ئىستىلىستىكا ئىلىملىرىنى پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

[2] مۇجتەھىدنىڭ دەلىللەرنىڭ تۈرلىرى، شەكىللىرى، شەرتلىرى ۋە دالالەتلىرىنى بىلىشى شەرتتۇر. مەلۇمكى، دەلىللەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1) **ئەقلىي دەلىل:** بۇ، مۇستەقىل ھۆكۈم ئىپادىلىيەلەيدىغان دەلىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى

ھۆكۈم ئېلىشنى (بۇلار ئۇسۇلۇل فىقھ ئىلمىدە بايان قىلىنىدۇ) قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى، ناسىخ (ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى)، مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالغۇچى) نى[1]، دەلىللەرنىڭ شەرتلىرىنى بىلىشكە ۋە ئۇلاردىن ھۆكۈم ئېلىشقا يارىغۇدەك مىقداردا سىنتاكسىس، مورفولوگىيە ۋە ئەرەب تىلى ئىلىملىرىنى پىششىق بىلىشى؛ ئۇلارنى ئىشلىتىشتە پىشقان، چېنىققان بولۇشى؛ ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان ۋە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرنى بىلىشى[2]؛ فىقھ ئىلمىنى بىلىشى؛

بىلىشىنىڭ يولى ئەقىل: ھۆكمى: ۋاجىپ، جائىز، ماھال (مۇمكىن بولمايدىغان ئىش) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ 2) **شەرئىي دەلىل:** بۇ، شەرىئەت كۆرسەتمىسى بىلەن دەلىلگە ئايلانغان دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى بىلىشنىڭ يولى شەرىئەتتۇر؛ 3) **كىشىلەر تەرىپىدىن بېكىتىلگەن دەلىل:** بۇ، ئەرەبلەر بېكىتكەن تىل ئىلىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى بىلىشنىڭ يولى ئەرەب تىلىدۇر. مۇجتەھىد دەلىللەرنى قانداق ئىشلىتىشنى؛ نەقلىي، ئەقلىي ۋە تىلغا ئائىت دەلىللەرنىڭ شەرئىي ھۆكۈم ئىپادىلەشتىكى شەرتلىرىنى بىلگەندىلا ئاندىن ئۇلاردىن پايدىلىنالايدۇ.

[1] مۇستەقىل مۇپتى «نەسخ» مەسىلىسىنىڭ ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، سۈننەتنىڭ سۈننەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، ئايەتنىڭ سۈننەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى قاتارلىق قىسىملىرىنى، شۇنداقلا تىلاۋىتى ۋە ھۆكمى بىرلىكتە ئەمەلدىن قېلىش: ھۆكمى ساقلىنىپ قېلىپ، تىلاۋىتى ئەمەلدىن قېلىش؛ تىلاۋىتى ساقلىنىپ قېلىپ، ھۆكمى ئەمەلدىن قېلىش قاتارلىق تۈرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمگە بولغان دالالىتىنى پىششىق بىلىشى شەرتتۇر. ئەمەلدىن قالدۇرغان ۋە ئەمەلدىن قالغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى بىلىش فىقھشۇناس، مۇجتەھىد مۇپتىنىڭ بىلىشى كېرەك بولغان ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنى بىلمەستىن تەپسىلىي شەرئىي دەلىللەردىن شەرئىي ئەھكاملارنى چىقىرىشى مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى مۇنداق: ئۆلىمالار: شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان: **«لوككىا قويغۇچى ۋە لوككىا قويدۇرغۇچىنىڭ روزىسى سۇنۇپ كېتىدۇ»** [بەيھەقىي: «السنن الكبرى» 4/265] دېگەن ھەدىس ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ھەم ئېھرام ھالىتىدە تۇرۇپ لوككىا قويغان»** [سەھىھۇل بۇخارىي، 1938 ـ نومۇرلۇق ھەدىس] دېگەن ھەدىس ئارقىلىق ئەمەلدىن قالغان، دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ راۋىسى ئىبنى ئابباس ۋىدالىشىش ھەججىدە ئېھراملىق ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغان.

[2] مۇجتەھىد مۇپتى ئىجماتقا خىلاپ پەتىۋا بېرىپ سالماسلىقى ۋە ئىجماتقا خىلاپ ئىجتىھاد قىلماسلىقى ئۈچۈن ئىجماﻉ چېكىلگەن مەسىلىلەرنى بىلىشى لازىم. بۇنىڭ مىسالى، ئۆتنىچى قېتىم ھاراق ئىچكۈچىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى ھەدىستۇر. ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي ئۆز سەنەدلىرى بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ھاراق ئىچكەن كىشىنى دەررە ئۇرۇڭلار. ئەگەر ئىچسە، ئۆتنىچى قېتىمدا ئۆلتۈرۈڭلار»** [مجمع الزوائد: 6/281]. ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالغان) لىقىغا ئىجماﻉ شەكىللەنگەن».

فىقھىنىڭ ئانا ۋە شاخچە مەسىلىلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. ئۆزىدە مۇشۇ سۈپەتلەرنى ھازىرلىغان كىشى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى پەرز كۇپايە ئادا بولىدىغان «مۇتلەق مۇستەقىل مۇپتى» دۇر. بۇنداق كىشى «مۇستەقىل مۇجتەھىد مۇتلەق» تۇر. چۈنكى، ئۇ بىرەر مەزھەپكە باغلانماستىن ۋە تەقلىد قىلماستىن، دەلىللەردىن بىۋاستە ھۆكۈم ئالالايدۇ[1].

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز شەرت قىلغان ‹فىقھى مەسىلىلەرنى يادقا بىلىش› دېگەن شەرت ئىجتىھاد مەنسىپىنىڭ شەرتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە مەشھۇر كىتابلاردا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىلمىگەن. چۈنكى، فىقھ ئىجتىھادنىڭ مېۋىسىدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، فىقھ ئىجتىھادتىن كېيىن كېلىدۇ. چۈنكى، ھەر شەيئىنىڭ شەرتى ئاۋۋال كېلىدۇ. ئۇستاز ئەبۇ ئىسھاق ئىسفىرايىينى[2] ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئەبۇ مەنسۇر باغدادىي قاتارلىقلار

---

بۇ ئىجماﺋنىڭ دەلىلى شۇكى، بۇ ھەدىستىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچكەن كىشى ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۆلتۈرمەستىن، دەررە ئۇرغان. بۇ ئەھۋال بۇنداق ئادەمنى ئۆلتۈرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كېيىن ئۆلتۈرمەسلىككە ئىجماﺋ شەكىللەنگەن.

[1] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىمام ئەبۇلمەئالىي جۇۋەينىي مۇپتىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بىر قاتار بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلىدىكى گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، مۇپتى چېنىقىش ئارقىلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش جاپاسى تارتماستىن بىلەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن كىشىدۇر». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 26 ـ بەت.

[2] ئەبۇ ئىسھاق ئىسفىرايىينى (ھ. 338 - 418/ م. 949 — 1027): ئىمام رۇكنۇددىن ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مېھران ئىسفىرائىينى، كالامشۇناس، ئۇسۇلۇل فىقھشۇناس، فەقىھ، خۇراسانلىقلارنىڭ ئىمامى. ھاكىم ئۇنىڭدىن ئون توم ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە «نىسابور تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «فەقىھ، كالامشۇناس، ئۇسۇلۇل فىقھشۇناس؛ فىقھ، ئۇسۇلۇل فىقھ، كالام ئىلىملىرىدە باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئالىم. ئىراقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان». «جامع الحلى في أصول الدين والردّ على الملحدين» ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۈملىسىدىندۇر. تەپسىلىي تەرجىمىھالى ئۈچۈن: «وفيات الأعيان»، 1 ـ توم، 8 ـ بەت؛ «طبقات السبكي»، 1 ـ توم، 158 ـ بەت؛ «شذرات

فىقھىي مەسىلىلەرنى يادقا بىلىشنى شەرت قىلغان. «مۇستەقىل مۇجتەھىد» تە بۇ شەرت قىلىنمىسىمۇ، پەرز كۆپايە ئادا بولىدىغان مۇپتىدا شەرت قىلىنىدۇ. بۇ، سەھىھ قاراشتۇر. لېكىن، بارلىق ئەھكاملارنىڭ ئۇنىڭ زېھنىدە ھازىر بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى ھۆكۈملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يادقا بىلسە، قالغىنىنى ئاسانلا بىلەلىسە، شۇ كۇپايە.

«مۇستەقىل مۇپتى» نىڭ ماتېماتىكىلىق فىقھىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ماتېماتىكا ئىلمىنى بىلىشى شەرتمۇ؟

ئەبۇ ئىسھاق ۋە ئەبۇ مەنسۇر بۇ مەسىلىدە ئەسھابلىرىمىز ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. ئەڭ توغرا قاراش بىلىشى شەرت قىلىنىدۇ[1].

شەرىئەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە پەتىۋا بېرىدىغان «مۇپتى مۇتلەق» تە مەزكۇر ئىلىملەرنىڭ چوقۇم تېپىلىشى شەرتتۇر»[2].

☐ ئىجتىھادنىڭ[3] پارچىلىنىشى

ھەج ئىبادەتلىرى، مىراس ئىلمى دېگەندەك بىرەر ساھەدىلا پەتىۋا بېرىدىغانلارنىڭ شۇ ساھەنى ياخشى بىلىشى كۇپايە[4]. ئىمام

---

الذهب» ، 3 ـ توم، 209 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

[1] ئىبنى سالاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېيدۇ: «چۈنكى بەزى مەسىلىلەرگە پەقەت فىقھ ئىلمى بىلەن ھېساب ئىلمىنى تەڭ ئىگىلىگەن كىشىلا جاۋاب بېرەلەيدۇ» . ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي» ، 28 ـ بەت.

[2] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي» ، 26 — 27 ـ بەتلەر.

[3] ئىجتىھاد — فىقھشۇناسنىڭ ئايەت، ھەدىس، ئىجماڭ، قىياس قاتارلىقلاردىن دەلىلى قەتئىي بولمىغان فىقھىي ھۆكۈملەرنى بىلىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. قەتئىي ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان بەش ۋاخ ناماز، روزا، ھەج قاتارلىقلارنىڭ پەرزلىكىنى بىلىش ئىجتىھاد دېيىلمەيدۇ. — ت.

[4] مۇجتەھىد ئەسلىدە فىقھ بابلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇشى كېرەك. لېكىن، فىقھشۇناس ۋە ئەقىدىشۇناسلارنىڭ كۆپ قىسمى «مۇجتەھىد مۇتلەق» تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، «ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ» دېگەن قاراشنى قوللىغان. ئۇلار: مۇپتىنىڭ بىر قىسىم شەرئىي مەسىلىلەردە ۋە فىقھ بابلىرىنىڭ بەزىسىدە مۇجتەھىد

## غەززالىي ۋە شاگىرتى ئىبنى بەرھان[1] قاتارلىقلار بۇنى كەسكىن

بولۇشىمۇ جائىز. لېكىن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىشى كېرەك دەپ قارىغان: **بىرىنچى شەرت:** پەتىۋا بەرمەكچى بولغان مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلالىغۇدەك ئىلمگە ئىگە بولۇشى؛ **ئىككىنچى شەرت:** بىلمىگەن ساھەدە پەتىۋا بەرمەسلىكى؛ **ئۈچىنچى شەرت:** پەتىۋا بەرمەكچى بولغان ساھەگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي، ئىنچىكە بىلىشى كېرەك. لەكنەۋىي «**فواتح الرحموت**» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 364 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەلۇم بىر مەسىلىدە مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن مۆتى مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى شەرئىي دەلىل ئارقىلىق بىلگەن بولسا، بۇ مەسىلىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلگىنىگە ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ، بىلگىنىنى بىرەر كىشىنىڭ سۆزىگە تايىنىپ تەرك ئېتىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەركىم كۆچى يەتسە، بىۋاسىتە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىگە ئەگىشىشكە، كۈچى يەتمىگەندە باشقىلارغا تەقلىد قىلىشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى، ئالىملار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزگۈچىدۇر. ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆزى مۇستەقىل بىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈملەرنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە خىلاپ دەپ ئىشەنگەن بولسا، بىلگىنىدىن باشقا قاراشقا ئەگىشىشى ھارام بولىدۇ» دېمەك، «پەتىۋا بېرىشتە ئىجتىھادنىڭ پارچىلىنىشى» ئىمىسىدىكى مۇھىم نۇقتا ئىقتىدار ۋە ئاجىزلىقتۇر. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ «پەتىۋالار توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 20 ـ توم، 204 ـ بېتىدە بۇ مەسىلىنى ئوچۇق تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(بۇ) ئىقتىدار ۋە ئاجىزلىققا باغلىقتۇر. چۈنكى، ئىنسان بەزى مەسىلىلەرگە قادىر بولسا، بەزى مەسىلىلەردە ئاجىزدۇر. لېكىن، ئىجتىھاد ئىقتىدارى ئىجتىھادقا يەتكۈزىدىغان ئىلىملەرنى ئىگىلىمەستىن ھاسىل بولمايدۇ». ھەج ۋە مىراس قاتارلىق بىر قىسىم ساھەلەردە پەتىۋا بېرىدىغان كىشى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان شەرتلەرنى ھازىرلىغان ۋە ئۆزى پەتىۋا بېرىدىغان ساھەدە مۇجتەھىدلىك ماقامىغان يەتكەن كىشىدۇر. بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى ئىنچىكە، تەپسىلىي بىلگەن مۇجتەھىد مەسىلىدىكى پەرقلىق قاراشلارنىمۇ بىلمەي قالمايدۇ. شۇنداقلا، فىقھ ساھەلىرىدىن بىرەر ساھەدە مۇجتەھىد بولغان كىشى باشقا ساھەلەرنى بىلمىسە كېرەك يوق. ئەبۇلھۇسەين بەسرىي پەقەت مىراس ئىلمىدىلا ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ «**المعتمد**» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 932 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مىراس ئىلمىنى بىلسە، فىقھنىڭ باشقا ساھەلىرىنى بىلمىسىمۇ، مىراس ئىلمىدە مۇجتەھىد ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مىراس ھۆكۈملىرىنىڭ فىقھنىڭ باشقا بابلىرىدىن ئېلىنىدىغان قىسمى ئىنتايىن ئاز. ئازنى بىلمەسلىك مۇجتەھىدلىك مەرتىۋىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ». ئەبۇ نەسر سەبباغمۇ بۇ مەسىلىدە ئەبۇلھۇسەيىننى قوللىغان. ئىبنى قەييىم جەۋزىييە «**إعلام الموقعين**» ناملىق كىتابىنىڭ 4 ـ توم، 216 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مىراس ئىلمى باشقا فىقھ بابلىرىغا مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئايرىم بىر ساھەدۇر. مىراس ھۆكۈملىرى باشقا فىقھىي ئەھكاملارغا ئاساسلانمايدۇ ھەمدە مىراس ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ئوچۇق بايان قىلىنغان قەتئىي ھۆكۈملەردۇر».

[1] **ئىبنى بەرھان:** تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، «ئىبنى بەرھان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئىمام غەززالىي، شاشىي قاتارلىق ئالىملاردىن فىقھ ئىلمى ئۆگىنىپ، ئالاتتىلىق شافىئىي مەزھەپ فىقھشۇناسىغا ئايلانغان ۋە فىقھ ساھەسىدە «**البسيط**»، «**الوسيط**»، «**الوجيز**» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان.

ئىپادىلىگەن[1]. «ئىجتىھاد ئەسلا پارچىلانمايدۇ» دېگەنلەرمۇ بار. ئىبنى سەبباغ[2] مىراس ئىلمىدىلا ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ، دەپ

---

ئۇ پەقۇلئاددە زېرەك كىشى بولۇپ، ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى يادلىۋالاتتى. شافىئى مەزھىپىنىڭ ئۇسۇل ۋە فۇرۇئ (تارماق ئەھكام) لىرىنى بىلىشتە مەسىلگە ئايلانغان ئىدى. تەپسىلىي تەرجىمھالى ئۈچۈن: «وفيات الأعيان»، 2 ـ توم، 82 ـ بەت؛ «طبقات السبكي»، 12 ـ توم، 194 ـ بەت؛ «شذرات الذهب»، 4 ـ توم، 61 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

[1] كۆپچىلىك فىقھشۇناس ۋە ئەقىدىشۇناسلار جائىز دەپ قارىغان «مىراس ئىلمى ۋە باشقا ساھەلەردە ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ» دېگەن قاراش كۈچلۈك قاراشتۇر. ھۆججەتۇلئىسلام ئىمام غەززالىي قاتارلىق ئالىملار مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن. ئىمام غەززالىي «المستصفى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 353 ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «مۇجتەھىدلىك مەنسەپ قارىشىمدا پارچىلانماس مەرتىۋە ئەمەس. بەلكى، بىر ئالىمنى ‹مەلۇم مەسىلىلەردە مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن› دېيىش جائىز... مەسىلەن، قىياس نەزەرىيەسىنى بىلگەن كىشى ھەدىس ئىلمىگە ماھىر بولمىسىمۇ، قىياس مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. چۈنكى، قىياس مەسىلىلىرىنىڭ ھەدىس ئىلمى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق (ئاز دېمەكچى بولسا كېرەك ـ ت)». ئىبنى سۇبكىي رەھىمەھۇللاھ «جمع الجوامع» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 386 ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «سەھىھ قاراش ـ ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ». ئىمام رازىي رەھىمەھۇللاھ «المحصول» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 37 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەت شۇكى، مەلۇم بىر ساھە، بەلكى مەلۇم بىر مەسىلىدە مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يېتىشىمۇ جائىزدۇر». ئىمام زەركەشىي رەھىمەھۇللاھ «البحر المحيط» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «سەھىھ قاراش ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ يەنى بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ساھەدە مۇجتەھىد بولۇشى جائىزدۇر». ئىمام قەرافىي رەھىمەھۇللاھمۇ «شرح تنقيح الفصول» ناملىق كىتابىنىڭ 438 ـ بېتىدە مۇشۇ قاراشنى ياقلىغان. ئىبنى دەقىيقۇلئىيد: «بۇ، تاللانغان قاراشتۇر» دېگەن. «مسلم الثبوت» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى مەزكۇر كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 364 ـ بېتىدە كامال ئىبنى ھۇمام قاتارلىق ئالىملاردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، توغرىغا ئەڭ يېقىن قاراشتۇر».

[2] **ئەبۇ نەسر ئىبنى سەبباغ (ھ. 400 - 477/ م. 1010 — 1084):** تولۇق ئىسمى ئابدۇسسەييد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھىد بولۇپ، قازى ئەبۇتتەييىبنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىراقنىڭ فىقھشۇناسىغا ئايلانغان. ئۇ نىزامىيە مەدرىسەسىنىڭ تۇنجى مۇدەررىسلىرىدىن بولۇپ، يىگىرمە كۈن مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا شەيخ ئەبۇ ئىسھاق مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. ئەبۇ ئىسھاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نىزامىيە مەدرىسەسىدە قايتا مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ پەرھىزكار، ئىرادىلىك، سالىھ، دىيانەتلىك، زاھىد، ئۇسۇلۇل

قارىغان. توغرىسى ئىجتىھاد مۇتلەق پارچىلىنىدۇ.

### □ غەيرى مۇستەقىل مۇپتىلارنىڭ شەرتلىرى

مۇپتىلارنىڭ يەنە بىر تۈرى «غەيرى مۇستەقىل مۇپتى»لاردۇر. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى «مۇستەقىل مۇپتى» مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاچقا، ئادەتتە تۆت مەزھەپكە مەنسۇپ مۇپتىلار پەتىۋا بېرىپ كەلمەكتە. مەزھەپكە مەنسۇپ مۇپتىلار مۇنداق بەش تۈرلۈك بولىدۇ[1]:

### □ بىرىنچى: مەزھەپكە مەنسۇپ مۇستەقىل مۇپتىلار

بۇلار «مۇستەقىل مۇپتى»دا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن[2]، ئىمامغا مەزھەپتىمۇ، دەلىلدىمۇ تەقلىد قىلمايدىغان؛ پەقەت ئىجتىھاد مېتودى جەھەتتە ئىمامنىڭ مېتودىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈنلا ئىمامنىڭ مەزھىپىگە مەنسۇپ قىلىنغان مۇپتىلاردۇر[3].

فىقھىنى پىششىق بىلىدىغان، مۇھەققىق ئالىم ئىدى. ئىبنى ئەقىيل مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭدا مۇجتەھىد مۇتلەقلىق شەرتلىرى ھازىرلانغان». ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى سەبباغ (ئەسھابۇل ۋۇجۇھ) (ئىمامنىڭ ئۇسۇلۇل فىقھ قائىدىلىرى ۋە فىقھى ھۆكۈملىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى قېزىپ چىقالايدىغان مۇجتەھىدلەر تەبىقىسى) نىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. ئەسەرلىرى: ئۇ شافىئى ۋە ھەنەفىي مەزھىپى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ھەققىدە «الشامل»، «الكامل» ناملىق كىتابلارنى، ئۇسۇلۇلفىقھ ھەققىدە «الطريق السالم»، «العمدة» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. تەرجىمىھالى ئۈچۈن: «وفيات الأعيان»، 2 ـ توم، 375 ـ بەت؛ «البداية والنهاية»، 12 ـ توم، 226 ـ بەت؛ «النجوم الزاهرة»، 5 ـ توم، 119 ـ بەت؛ «شذرات الذهب» 3 ـ توم، 355 ـ بەت؛ «مرآة الجنان»، 3 ـ توم، 121 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 29 ـ بەتكە قاراڭ.

[2] يەنى «مۇستەقىل مۇپتى»لاردا شەرت قىلىنغان ئىلىم ۋە سۈپەتلەرنى تولۇق ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن.

[3] ئىجتىھاد مېتودى جەھەتتە مەلۇم بىر «مۇستەقىل مۇپتى»غا ئەگەشكەنلىكى ۋە باشقىلارنىمۇ ئەگىشىشكە چاقىرغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئىمامنىڭ مەزھىپىگە مەنسۇپ قىلىنغان مۇپتىلار.

ئۇستاز ئەبۇ ئىسھاق ئىسفرايىينى «بۇ سۈپەت بىزنىڭ ئەسھابلىرىمىزدا[1] تېپىلىدۇ» دەپ قارىغان[2]. ئۇ ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد، داۋۇد قاتارلىقلارنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ ۋە ھەنەفىيلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىماملىرىغا تەقلىد قىلىپ مەزھەپكە ئەگەشكەنلىكىنى

[1] شافىئىي مەزھەپ ئاتالغۇشۇناسلىقىدىكى «ئەسھاب» كەلىمىسى ئەسلىدە ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىغا قوللىنىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، كېيىنچە مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىمام شافىئىيدىن بىۋاسىتە ئىلىم ئالمىغان مەشھۇر شافىئىي فەقىھلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۇۋەينىي: «نهاية المطلب في دراية المذهب»، «دارۇل مىنھاج» نەشرىياتى، 2007 ـ يىل، 1 ـ نەشرى، 172 ـ بەت، — ت.

[2] مەزھەپكە مەنسۇپ، ئەمما ئىمامغا مەزھەپتىمۇ، دەلىلدىمۇ تەقلىد قىلمايدىغان «غەيرى مۇستەقىل مۇپتى»لىق سۈپىتى ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ شاگىرتلىرىغىلا خاس. ئىمام مالىكنىڭ ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتلىرى، ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە داۋۇد زاھىرىي قاتارلىقلاردا بۇ سۈپەت تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «مەزھەپكە مەنسۇپ «غەيرى مۇستەقىل مۇپتى» ئەھكاملارنى دەلىل ئارقىلىق بىلەلەيدىغان، دەلىللەردىن مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى يەكۈنلەپ چىقالايدىغان تۇرۇپ ئىمامغا تەقلىد قىلىدۇ يەنى ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى قوللىنىدۇ، دەلىللەرنى تەتقىق قىلىش ۋە تەنقىدلەرگە رەددىيە بېرىشتە كۆپ ھاللاردا ئىمامنىڭ سۆزىگە ئاساسلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ تەبىقىدىكى مۇپتىلار ئىماملىرىغا ئەگىشىدۇ، ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىگە قايىل بولىدۇ، ئىمامنىڭ ئىجتىھادىي قاراشلىرىنى دەلىللىرى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئىماملىرىنىڭ دەلىلى ۋە ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى بويىچە ئىجتىھاد قىلىدۇ ۋە پەتىۋا بېرىدۇ. گاھىدا ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم فۇرۇئ (تارماق ئەھكاملار) تا ئىمامغا قارشىمۇ چىقىدۇ. بۇلار تۆت مەزھەپنىڭ ھەربىرىدە تېپىلىدۇ. مەسىلەن، شافىئىي مەزھەپتە مۇزەنىي، بۇۋەيتىي؛ ھەنەفىي مەزھەپتە ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، زۇفەر؛ مالىكىي مەزھەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم؛ ھەنبەلىي مەزھەپتە ئىسھاق تەمىمىي، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەسرەم قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن مەزھەپكە مەنسۇپ مۇپتىلاردۇر. بۇلار ئىجتىھاد جەھەتتە ئىمامنىڭ مېتودىنى قوللانغانلىقى ۋە ئۇنى قوللىنىشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈنلا ئىماملىرىغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسۇل ـ پىرىنسىپى ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ پىرىنسىپى بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئۇلارمۇ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئىمامى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۇسۇل ـ پىرىنسىپلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ پىرىنسىپلىرىنى تاللىغان. ئىجتىھاد مېتودى ئىمامى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئىمامى بىلەن بىر يولدا ماڭغان كىشىلەردۇر». نەۋەۋى: «المجموع»، 1 ـ توم، 43 ـ بەت.

تىلغا ئالغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «مۇھەققىق ئۆلىمالار قوللىغان توغرا قاراش ئەسھابلىرىمىزنىڭ قارىشىدۇر. ئەسھابلىرىمىز ئىمام شافىئىيغا تەقلىد قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىمام شافىئىينىڭ ئىجتىھاد مېتودى ۋە پەتىۋالىرىنى ئەڭ توغرا دەپ قارىغانلىقتىن ھەمدە ئىجتىھاد قىلماي بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن شافىئىي مەزھەپكە مەنسۇپ بولغان؛ ئىمام شافىئىينىڭ ئىجتىھاد يولىدا مېڭىپ، ئەھكاملارنى ئىمام شافىئىينىڭ مېتودى ئارقىلىق بىلىش يولىنى تاللىغان»[1].

ئەبۇ ئەلى سىنجىي («س» ھەرپى زىر ئوقۇلىدۇ) يۇقىرىقىغا ئوخشاش قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىمام شافىئىيغا تەقلىد قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئىمام شافىئىينىڭ قاراشلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، باشقىلارنى قويۇپ، شۇنىڭغا ئەگەشتۇق».

مېنىڭچە، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئېيتقانلىرى ئىمام شافىئىي ۋە مۇزەنىي[2] قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا تەقلىد قىلىشتىن توسۇشلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ قەتئىي تەقلىد قىلمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش توغرا ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ ياكى كۆپ قىسمىنىڭ ئەھۋالىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ»[3].

---

[1] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئىسھاق ئەسھابلىرىمىز (شافىئىي مەزھەپتىكى مەشھۇر ئالىملار) دىن رىۋايەت قىلغان بۇ قاراش ئىمام شافىئىي، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزەنىي «مختصر» ناملىق كىتابىنىڭ بېشىدا ۋە باشقا كىتابلىرىدا سىزىپ بەرگەن يولغا ئۇيغۇندۇر». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 30 ـ بەت.

[2] مۇزەنىينىڭ «المختصر» ناملىق كىتابىنىڭ باش قىسمىغا قاراڭ.

[3] يەنى بۇ دەۋا ئۇلار «مۇجتەھىد مۇتلەق» ئۈچۈن شەرت قىلىنغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ، «مۇجتەھىد مۇتلەق»لىق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن بولسا، ئاندىن توغرا دەۋا بولغان بولىدۇ.

مەزھەپىمىزدىكى بىر قىسىم ئۇسۇلۇل فىقھە ئالىملىرى ئىمام شافىئىي دەۋرىدىن كېيىن «مۇستەقىل مۇجتەھىد» دۇنياغا كەلمىگەنلىكىنى تىلغا ئالغان[1].

بۇنداق مۇپتىلارنىڭ پەتىۋالىرى ئەمەل، ئىجمائ ۋە ئىختىلاپلاردا «مۇستەقىل مۇپتى»لارنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

### □ ئىككىنچى: «ساھىبۇلۋەجھ» مۇپتى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

ساھىبۇلۋەجھ ـ مەلۇم بىر ئىمامنىڭ مەزھىپىگە باغلانغان، ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى دەلىل ئارقىلىق مۇستەقىل ئىزاھلىيالايدىغان، لېكىن دەلىللەردىن ھۆكۈم ئېلىشتا ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان ئالىملاردۇر[2].

---

[1] شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ مۇھەممەد مۇزەنىي ۋە ئىبنى سۇرەيج؛ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۇسۇف «مۇجتەھىد مۇتلەق»مۇ ياكى «مەزھەپكە تەۋە مۇجتەھىد»مۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. ئىبنى كەمال پاشانىڭ نەزىرىدىكى كۈچلۈك قاراش ئۇلار «مەزھەپكە تەۋە مۇجتەھىد»لەردۇر.

[2] بۇلار مەزھەپكە مەنسۇپ مۇجتەھىدلەرنىڭ يەنى «ئەسھابۇل ۋۇجۇھ»لارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئەگەر مۇپتى بۇ تەبىقىدىن بولسا، ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشى مۇنداق شەرتلەر ئاستىدا جائىز بولىدۇ: **بىرىنچى شەرت:** ئىمامى شەرىئەت نەسلىرى (يەنى ئايەت ۋە ھەدىسلەر) دىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى تۇرۇپ چىققانغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئىمامنىڭ تېكىستلىرىدىن ياكى قائىدە ـ ئۇسۇللىرى، دەلىللىرى، ئىزاھلىرى ۋە ئىشارەتلىرىدىن ئۇزىگە خاس ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى تۇرۇپ چىقىشى كېرەك؛ **ئىككىنچى شەرت:** ئىمامنىڭ قائىدە ـ ئۇسۇللىرى ۋە تېكىستلىرىگە مۇراجىئەت قىلماستىن، ئۆز ئالدىغا شەرىئەت تېكىستلىرى (ئايەت ۋە ھەدىسلەر) دىن بىۋاسىتە ھۆكۈم چىقارماسلىقى لازىم؛ **ئۈچىنچى شەرت:** ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىلىشى كېرەك؛ **تۆتىنچى شەرت:** ئىمامنىڭ قائىدە ـ ئۇسۇللىرى ۋە تېكىستلىرىگە قايىل بولغان بولۇشى، ئۇسۇل (قائىدە ـ پىرىنسىپ) دىمۇ، فۇرۇئ (تارماق ئەھكاملار) دىمۇ ئىمامىغا خىلاپ ئىجتىھاد قىلماسلىقى، خىلاپ پەتىۋا بەرمەسلىكى كېرەك؛ **بەشىنچى شەرت:** ئىمامى تىلغا ئالمىغان بىرەر فىقھىي مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلماقچى ۋە ئۇنى ئىمامى ئوچۇق بايان قىلغان بىرەر مەسىلىگە قىياس ئارقىلىق قوشماقچى بولسا، ئىككى مەسىلە ئارىسىدا پەرق بار ياكى يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، پەرق يوقلۇقى

بۇلارنىڭ فىقھە، ئۇسۇلۇل فىقھە، ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرى، قىياس ۋە ھۆكۈم سەۋەبلىرىنى پىششىق بىلىشى؛ دەلىللەردىن ھۆكۈم ئېلىشتا، فىقھى قائىدىلەرگە مەسىلىلەرنى قۇرۇپ چىقىشتا ھەقىقىي چېنىققان، ئىمامى ئۇچۇق بايان قىلمىغان مەسىلىلەرنى ئىمامنىڭ ئۇسۇل - قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ قىياس قىلالايدىغان بولۇشى شەرتتۇر. بۇنداق مۆپتىلار ھەدىس ئىلمى، ئەرەب تىلى ئىلمى دېگەندەك بىر قىسىم قورال ئىلىملەردە «مۇستەقىل مۆپتى»لارغا يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىمامغا ئاز - تولا تەقلىد قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. مەزھەپكە تەۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك ئىلىمدە ئاجىز كېلىدۇ. «مۇستەقىل مۇجتەھىد» شەرئىي نەسلەر (ئايەت ۋە ھەدىسلەر) نى ھۆكۈم ئېلىش مەنبەسى قىلغانغا ئوخشاش بۇلارمۇ ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى ھۆكۈم ئېلىش مەنبەسى قىلىدۇ. بۇلار گاھىدا «مۇستەقىل مۇجتەھىد» شەرئىي نەسلەر (تېكىستلەر) بىلەنلا كۇپايىلەنگەنگە ئوخشاش، مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا ئىمامنىڭ دەلىلى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، قارشى دەلىللەرنى تەكشۈرۈپ يۈرمەيدۇ.

بۇ، مەزھىپىمىزدىكى «ئەسھابۇل ۋۇجۇھ»نىڭ سۈپىتىدۇر. ئەسھابلىرىمىز (ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرى ۋە شافىئىي مەزھىپىدىكى مەشھۇر فىقھشۇناسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ياكى ئۇلارنىڭ

---

ئېنىق ئايان بولغاندىن كېيىن قوشۇشى كېرەك. قارشى دەلىل ياكى قىياس قىلىشنى توسىدىغان توسالغۇ بار يەردە قىياس قىلىش توغرا بولمىغىنىدەك، پەرق بار تۇرۇپمۇ قىياس قىلىش توغرا بولمايدۇ؛ **ئالتىنچى شەرت:** ئىجتىھاد قىلىشتا موھتاج بولىدىغان ۋە ئىمامنىڭ تېكىستلىرى ۋە قائىدە - پىرىنسىپلىرىدىن ھەر خىل قاراشنى قېزىپ چىقىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەرەب تىلى ئىلىملىرىنى بىلىشى كېرەك. بۇلار «ئەسھابۇل ۋۇجۇھ» تەبىقىسىدىكى مۇجتەھىد مۆپتىلارغا خاس شەرتلەردۇر. مەن بۇلارنى «الفتوى» ناملىق كىتابىمنىڭ 104 - بېتىدە تەپسىلىي بايان قىلدىم. **يەنە بىر مەسىلە**، «مەزھەپكە تەۋە مۇجتەھىد»نىڭ پەتىۋا سورىغۇچى مەركۇر مۇجتەھىدكە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىمامغا ئەگەشكەن بولىدۇ. چۈنكى، مەزھەپكە تەۋە مۆپتى قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاسىتە پەتىۋا بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىمامنىڭ قاراشلىرى بويىچە پەتىۋا بېرىدۇ.

كۆپ قىسمى مۇشۇ تۈرگە تەۋە.

بۇ تۈردىكى مۇپتىلارنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى ئىمامىغا ئەگەشكەن بولىدۇ.

ئەسھابلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇدۇل چىقىدىغان مەنە بۇ تۈردىكى مۇپتىلار بىلەن پەرز كۇپايە ئادا بولمايدىغانلىقىدۇر[1].

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلەن پەتىۋانىڭ مەنبەسى بولغان ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈشتە پەرز كۇپايە ئادا بولمىسىمۇ، پەتىۋا ئىشلىرىدا ئادا بولىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، ئۇ (سەھىھ قاراشقا ئاساسلانغاندا) «مۇستەقىل مۇجتەھىد» ئىمامىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ۋاپات بولغان مۇجتەھىدلەرگە تەقلىد قىلىش (ئەگىشىش) جائىزدۇر»[2].

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزھەپكە مەنسۇپ مۇپتىلار گاھىدا مەلۇم بىر مەسىلە ياكى ساھەدە مۇستەقىل پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپمۇ قالىدۇ.

بۇ تۈردىكى مۇپتىلار ئىمامىدىن ئوچۇق رىۋايەت كەلمىگەن مەسىلىلەردە ئىمامىنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ[3]. بۇ ئەزەلدىن ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن توغرا قاراشتۇر.

---

[1] چۈنكى، ئۇلار ئىمامىغا تەقلىد قىلىدۇ. تەقلىد پەرز كۇپايىنىڭ ئادا بولۇشىنى توسىدىغان نۇقسان ۋە كەمچىلىكتۇر.

[2] چۈنكى، مەزھەپكە تەۋە مۇپتى «مۇجتەھىد مۇتلەق» ئىمامىنىڭ ئورنىدا پەتىۋا بېرىدۇ، ئىمامى ھايات ۋاقتىدا ئادا قىلغان پەرز كۇپايىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ مەسىلە «ئۆلۈككە تەقلىد قىلىش مەسىلىسى» ئۈستىگە قۇرۇلغان. سەھىھ قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۆلۈككە (يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ مەزھىپىگە) ئەگىشىش جائىزدۇر. بۇ ئىبنى سالاھنىڭمۇ قارىشىدۇر. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 32ـ33 ـ بەتلەر.

[3] گاھىدا مەزھەپكە مەنسۇپ مۇجتەھىد مەلۇم بىر مەسىلە ياكى مەلۇم بىر فىقھىي ساھەدە مۇستەقىل پەتىۋا بېرەلەيدىغان، مۇستەقىل ئىجتىھاد قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بۇ «ئىجتىھادنىڭ پارچىلىنىشى» مەسىلىسىدۇر. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا مەلۇم بىر مەسىلە ياكى مەلۇم بىر فىقھىي ساھەدە ئىجتىھاد قوراللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن

ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇپتىلار قىلالايدىغان ئىشمۇ مۇشۇ بولۇپ قالدى. بۇلار ئىمامنىڭ قائىدىلىرىگە تەخرىج قىلىپ (شاخلىتىپ) پەتىۋا بەرسە، پەتىۋا سورىغۇچى ئۇنىڭغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىمامىغا ئەگەشكەن بولىدۇ. ئىمامۇل ھەرەمەين (ئىككى ھەرەم ئىمامى)[1] «ئەلغىياسىي» ناملىق كىتابىدا بۇ قاراشنى كەسكىن

---

كىشى شۇ مەسىلە ياكى ساھەدە مۇستەقىل ئىجتىھاد قىلسا، پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. شۇنداقلا، ئىمامى ئوچۇق بايان قىلمىغان مەسىلىلەردە مەزھىپىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدە، دەلىللىرىگە ئاساسلىنىپ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتى والمستفتى» ناملىق كىتابىنىڭ 33 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، قىياس ئۇسۇللىرى ۋە ھەر خىل ئارقاق مەسىلىلىرىدە چېنىققان مۇجتەھىد ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىمامى ئوچۇق بايان قىلمىغان مەسىلىلەرنى ئوچۇق بايان قىلغان مەسىلىلەرگە قىياس قىلىشتا، مەزھەپنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ يېڭى مەسىلىلەرگە پەتىۋا بېرىشتە مۇجتەھىد ئىمامنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئىمامى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ئوچۇق بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى ئوچۇق بايان قىلغان مەسىلىلەرگە قىياس قىلغانغا ئوخشاش قىياس قىلىدۇ. بەلكى، ئۇ قىياس ۋە قائىدىلەرنى تەتبىقلاشتا ئىمامنى بېسىپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ئىمامنىڭ مەزھىپىدە «مۇجتەھىد مۇتلەق» شەرىئەتنىڭ ئۇسۇل ۋە تېكىستلىرىدىن تاپالمايدىغان، تەھرىرلەنگەن، پىششىقلانغان ئۇسۇل ـ قائىدىلەرنى تاپالايدۇ. پەتىۋا سورىغۇچى مەزكۇر مۇپتى تەخرىج (مەزھىپىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى بويىچە شاخلىتىپ چىقىرىش) ئارقىلىق پەتىۋا بەرگەن مەسىلىلەردە مۇپتىغا ئەمەس، بەلكى ئىمامىغا ئەگەشكەن بولىدۇ». يەنى مۇپتى تەخرىج قىلغان مەسىلىلەر مۇپتىغا ئەمەس، بەلكى مۇپتىنىڭ ئىمامىغا مەنسۇپتۇر. ئىمامۇل ھەرەمەين ئەبۇلمەئالىي ئابدۇلمەلىك جۇۋەينىي «الغياثى» ناملىق كىتابىدا ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىغا خىلاپ ھالدا بۇنى كەسكىن جائىز دەپ قارىغان.

[1] **ئىمامۇل ھەرەمەين جۇۋەينىي (ھ419 - 478/ م. 1028 — 1085):** نىشاپۇردىكى شافىئىي ئالىملىرىنىڭ ئىمامى. جۇۋەينىينىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇلمەئالىي ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇف بولۇپ، شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد جۇۋەينىينىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ ئاتىسىدىن فىقھ ئىلمى ئۆگىنىپ، ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ مۇدەررىسلىك كۇرسىدا ئولتۇرغان. ئۇسۇلۇل فىقھ ۋە ئۇسۇلۇددىن ئىلىملىرىنى ئەبۇلقاسىم ئىسفەرايىينىي ئەلئىسكافتا ئوقۇغان. پىتنە ۋە بىسمىلار سەۋەبىدىن ھىجازغا سەپەر قىلىپ، تۆت يىل مەككىدە ئىستىقامەت قىلغان، دەرس ئۆگەتكەن، پەتىۋا بەرگەن ۋە مەزھەپتىكى ھەر خىل ئېقىملارنى توپلىغان. كېيىن نىشاپۇرغا قايتىپ، نىشاپۇر نىزامىيە مەدرىسەسىدە ئوتتۇز يىلغا يېقىن مۇدەررىسلىك قىلغان. ئىبنى سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «جۇۋەينىي شەرق ۋە غەربتىكى بارلىق ئىماملارنىڭ ئىمامىدۇر. كۆزلەر ئۇنىڭدەك بىرنى كۆرۈپ

قوللىغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پايدىلىق بىر كىتاب.

### □ ئۈچىنچى: «مۇخەررىج[1] مۇپتى» ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «شەيخ ئەبۇ ئىسھاق شىرازىي قاتارلىقلار ئەسھابلىرىمىز تەخرىج قىلغان قاراشلارنى ئىمامغا مەنسۇپ قىلىشقا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ بارلىقىنى ئىلگىرى سۆزلىگەن.

توغرا قاراش ئىمامغا مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدۇ»[2].

«مۇخەررىج مۇپتى» گاھىدا ئىمامنىڭ مەلۇم بىر مەسىلىدىكى ئوچۇق سۆزىدىن تەخرىج قىلسا، گاھىدا ئىمامنىڭ ئوچۇق سۆزى يوق ئەھۋالدا، ئىمامنىڭ شەرتىگە چۈشىدىغان دەلىللەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىمامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يېڭى مەسىلە شاخلىتىپ چىقىرىدۇ ۋە شۇ بويىچە پەتىۋا بېرىدۇ.

---

باقمىغان». ئەبۇ ئىسھاق شىرازىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىمامدىن بەھرىلىنىشكىلار، چۈنكى ئۇ مۇشۇ دەۋرنىڭ سەيلىگاھىدۇر». ئىمام جۇۋەينىي «النهاية»، «الأساليب في الخلاف»، «الغياثي»، «غياث الخلق في اتباع الحق»؛ ئۇسۇلۇل فىقھ ھەققىدە «البرهان»، «التلخيص»؛ ئۇسۇلۇددىن ھەققىدە «الإرشاد»، «الشامل»؛ ئىختىلاپ ئىلمى ھەققىدە «غنية المسترشدين» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. كونكرېت تەرجىمھالى ئۈچۈن تەرجىمھال كىتابلىرىغا قاراڭ.

[1] تەخرىج: لۇغەتتە: «چىقارماق، ھەل قىلماق» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. فىقھى ئاتالغۇسىدا: «مەزھەپ ئىمامى ئوچۇق بايان قىلغان مەلۇم بىر سۆز ياكى مەسىلىدىن ئىمام ئاشكارا بايان قىلمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى چىقىرىش»نى كۆرسىتىدۇ. **مۇخەررىج ياكى ئەسھابۇت تەخرىج:** مەزھەپ ئىمامى ئوچۇق بايان قىلغان مەلۇم بىر سۆز ياكى مەسىلىدىن ئىمام ئاشكارا بايان قىلمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى چىقىرالايدىغان فىقھشۇناستۇر. ـــ ت.

[2] چۈنكى، ئىمامى ئۇنىڭ چىقارغان قاراشلىرى ھەققىدە پىكرىنى بايان قىلمىغان. ئۇسۇلۇل فىقھ ئىلمىدە ئېتىراپ قىلىنغان قائىدىلەرنىڭ بىرى شۇكى، «سۈكۈت قىلغۇچىغا ھېچقانداق قاراش مەنسۇپ قىلىنمايدۇ». بۇ قائىدە ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھتىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، شەيخ ئەبۇ ئىسھاق شىرازىي مۇشۇ قاراشنى ياقلىغان. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 34 ـ بەت.

ئەگەر ئىمام بىر - بىرىگە ئوخشاش ئىككى مەسىلىدە ئىككى خىل گەپ قىلغان بولۇپ، مۇپتى مەزكۇر ئىككى قاراشنى بىرلەشتۈرگەن بولسا، بۇ، «تەخرىج» دەپ ئاتىلىدۇ[1]. بۇ تەخرىجنىڭ شەرتى[2] ئىمامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىككى قاراش

[1] «تەخرىج» بىلەن ئالدىنقى تېمىدا بايان قىلغان «ۋەجھ» ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، «تەخرىج» — ئىمامنىڭ سۆزىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. «ۋەجھ» — ئىمامنىڭ شاگىرتلىرى ئىمامنىڭ سۆزىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇسۇل - قائىدىلىرىدىن ئالغان ھۆكۈمدۇر. «بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل ۋەجھ بار» دېيىلىدۇ. ھەنبەلىيلەرمۇ شۇنداق قارايدۇ. ھەنبەلىي مەزھىپىدە «ۋەجھ» ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىمامنىڭ سۆزىدىن ئەمەس، بەلكى قائىدىسى، دەلىلى، ئىشارىتى، ئىزاھلىرى ياكى سۆزىنىڭ سىياقىدىن ئالغان قاراشلىرى بولۇپ، ئۇنى ئىمامنىڭ مەزھىپى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنى ئىبنى تەيمىيە «المسودة» ناملىق كىتابىنىڭ 533 - بېتىدە ئوچۇق بايان قىلغان.
زەركەشىي «تەخرىج» بىلەن «ۋەجھ»نىڭ پەرقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەخرىج — مەلۇم بىر مەسىلىگە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر، ئەمما ۋەجھ — مەزھەبنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر». «نشر البنود» ناملىق كىتابنىڭ ساھىبىنىڭ قارىشىدا، «ۋەجھ » — ئىمامنىڭ سۆزلىرىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. «ئېكىستتىن ۋەجھ چىقىرىش» — ئېكىستلەردىن ھۆكۈم ئېلىش دېمەكتۇر. مەسىلەن، ئىمام بايان قىلمىغان بىر مەسىلىنى ئىمام بايان قىلغان مەسىلىدىكى مەنە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن (ئىمام ئوچۇق بايان قىلغان مەنە بولسۇن ياكى ئىمامنىڭ سۆزلىرىدىن ئىجتىھاد ئارقىلىق قېزىپ چىقىلغان مەنە بولسۇن) قىياس قىلىش، ئىمامنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈملىرى، بېكىتكەن قائىدىلىرىدىن ئىمام بايان قىلمىغان مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى چىقىرىش قاتارلىقلار «ۋەجھ چىقىرىش»تۇر. گاھىدا ۋەجھ چىقارغۇچى ۋەجھنى شەرىئەت ئېكىستلىرى (ئايەت ۋە ھەدىسلەر) دىنمۇ چىقىرىدۇ. لېكىن، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ۋەجھ چىقىرىشتا ئىمامنىڭ ھۆكۈم ئېلىش مېتودىنى قوللىنىدۇ، ئىمامنىڭ قائىدە ۋە شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ». «نشر البنود»، 53 - بەت.

[2] بىلگىنكى، ئىككى مەسىلە ئارىسىدا ئەسلا پەرق يوق دەپ قارالغان تەخرىجنىڭ مۇنداق ئۈچ شەرتى بار: **بىرىنچى شەرت:** ئىمام ھۆكمىنى ئوچۇق سۆزلىمىگەن مەسىلىلەردە تەخرىج قىلىش؛ **ئىككىنچى شەرت:** تەخرىج قىلماقچى بولغان مەسىلىدە ئوچۇق بايان قىلىنغان مەسىلىدە تېپىلغان مەنە تېپىلغان بولۇش يەنى ئىككى مەسىلە ئارىسىدا پەرق بولماسلىق؛ **ئۈچىنچى شەرت:** تەخرىج قىلماقچى بولغان كىشى مەزھەبتىكى «ئەسھابۇت تەخرىج» دەرىجىسىگە يەتكەن مۇجتەھىد بولۇش. مەسىلەن، قۇرئان ۋە ھەدىس قۇل ئازاد قىلىشقا ئوخشاش مەلۇم بىر مەسىلىدە «قۇل» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغان بولسا، بىز كەسكىن ھۆكۈم قىلىمىزكى، بۇ ھۆكۈم دېدەككىمۇ ئورتاقتۇر. چۈنكى، دېدەك بىلەن قۇل ئارىسىدا پەرق يوق. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئارىسىدا پەرق بولماسلىقتۇر. ئەگەر پەرق بولۇپ قالسا، ئىككىلا قاراشنى ئۆز پېتى قويۇش لازىم. ئۆلىمالار كۆپ ھاللاردا ئىككى قاراش ئارىسىدا پەرق بار ـ يوقلۇقىدا ئىختىلاپلاشقانلىقى ئۈچۈن، تەخرىج قىلىشتىمۇ ئىختىلاپلىشىدۇ.

مېنىڭچە، كۆپ ھاللاردا ئىككى قاراش ئارىسىدا پەرق بولىدۇ. ئۆلىمالار بۇنى كونكرېت بايان قىلغان.

□ تۆتىنچى: «كۆچلەندۈرگۈچى مۇپتى» ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

كۆچلەندۈرگۈچى مۇپتى — ئىمامىنىڭ مەزھىپىنى دەلىللىرىنى چۈشىنىپ يادلىغان، مەزھىپىنىڭ دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتەلەيدىغان، ئەينەن تەسۋىرلىيەلەيدىغان، ئىلغاپ تاللىيالايدىغان، شەرھلىيەلەيدىغان، كۈچلۈك قاراشلارنى ئايرىيالايدىغان[1]، لېكىن

مۇنداق دېگەن: «كىمكى شېرىك قۇلنى ئازاد قىلىۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئازاد قىلغۇچى باي بولسا، شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنى باھاسىنى ئېتىپ، تۆلەپ بېرىدۇ» [بۇخارىي رىۋايەت قىلغان، 2503 ـ نومۇرلۇق ھەدىس]. بۇ ھەدىستە قۇل ئىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، دېدەك تىلغا ئېلىنمىغان. لېكىن، دېدەكنىڭ ھۆكمىمۇ قۇلنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى كىشى ئارىسىدا شېرىك قۇل بولۇپ، ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئازاد قىلىۋەتكەن بولسا، دېدەك پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. ئازاد قىلغۇچى شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنى تۆلەيدۇ. مەزكۇر مەسىلىدە دېدەكنى قۇلغا قىياس قىلىش شەرىئەتنىڭ قۇل ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى، ئۇنىڭ دەلىللىرى ۋە قۇل بىلەن دېدەك ئارىسىدا پەرق بولۇقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىگە خاستۇر. ئەگەر پەرق بولۇپ قالسا، قىياس قىلىش ۋە تەخرىج قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

[1] مانا بۇ كۆچلەندۈرگۈچى مۇپتى (المفتي المرجح) دۇر. بۇ دەرىجىدىكى مۇپتىلار تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا پەتىۋا بەرسە بولىدۇ: **بىرىنچى شەرت:** ئىجتىھاد قۇراللىرىنى پۇختا ئىگىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەزھەپ ئىمامى ئىجتىھاد قىلمىغان مەسىلىلەردە پەتىۋا بەرسە، ئىجتىھاد قىلسا بولمايدۇ؛ **ئىككىنچى شەرت:** مەزھەپتە ھۆكمى بايان قىلىنمىغان يېڭى مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ؛ **ئۈچىنچى شەرت:** مەزھىپىنى مۇكەممەل، پىششىق بىلىشى كېرەك؛ **تۆتىنچى شەرت:** ھۆكۈملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىش ۋە زىت كەلگەن ئەھۋالدا بىرىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى بىلىشى كېرەك؛ **بەشىنچى**

مەزھەپنى يادقا بىلىش، ھۆكۈم ئېلىشتا چېنىقىش ۋە ئۇسۇل ئىلىملىرىنى بىلىش قاتارلىقلاردا «ئەسھابۇل ۋۇجۇھ» دەرىجىسىدىكى ئالىملاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان فەقىيھۇننەپس[1] مۇپتىدۇر.

بۇ، ھىجرىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەزھەپنى رەتلەش، تەھرىرلەش، كىتاب يېزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ سۈپىتىدۇر. دەۋرىمىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمۇ مەزھەپنى رەتلەش، تەھرىرلەش، كىتاب يېزىشتىن ئىبارەت. ئۇلار تەخرىج (مەسىلە شاخلىتىش) جەھەتتە ئىلگىرىكى ئالىملارغا يەتمەيدۇ، ئەمما پەتىۋالارغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىشتە ئۇلارغا تەڭلىشىپ ياكى يېقىنلىشىپ قالىدۇ. بۇلار نەقىل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى نەقىل قىلىنغان مەسىلىلەرگە قىياس قىلالايدۇ، ئوچۇق قىياس بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ[2]. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ

شەرت: كۆچلەندۈرۈش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزھىپىدە ئېتىبار قىلىنغان شەرتىي دەلىللىرىنى بىلىشى كېرەك. **ئالتىنچى شەرت:** مەزھىپىدىكى ئىككى زىت قاراشنىڭ بىرىنى ئىلگىرىكى مەزھەپداش ئالىملاردىن بىرەرسى كۈچلەندۈرۈپ بولمىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر كۈچلەندۈرۈپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغىنى كۈچلەندۈرۈش ئەمەس، مايىل بولۇش بولىدۇ؛ **يەتتىنچى شەرت:** كۈچلەندۈرۈشى مەزھەپ ئىماملىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىشەنچلىك رىۋايەت ۋە نەقىللەر ياكى ئىمامى تەپسىلىي بايان قىلماستىن، ئومۇمىي ھالەتتە تىلغا ئالغان قاراشلار دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك؛ **سەككىزىنچى شەرت:** ئاجىز قاراشنى كۈچلۈك قاراشتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ سالماسلىقى ئۈچۈن كۈچلەندۈرۈشنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنى بىلىشى كېرەك؛ **توققۇزىنچى شەرت:** ھەر خىل قاراشلارنى سېلىشتۇرما قىلىشنى بىلىشى كېرەك؛ **ئونىنچى شەرت:** ھەر خىل قاراشلار ئىچىدىن سەھىھ قاراشنى ئايرىپ چىقالايدىغان ياكى قاراشلارنى رەتلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. يۇقىرىقىلار كۈچلەندۈرۈش (تەرجىھ) دەرىجىسىدىكى مۇپتىلارنىڭ پەتىۋاسىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدۇر.

[1] فەقىيھۇننەپس ـ فىقھ ئىلمىدا چېنىققان، پەتىۋا بېرىش تەجرىبىسىگە ئىگە، ھەر دائىم پەتىۋا مەنبەلىرى ۋە ئىجتىھاد يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان كىشى.

[2] ئۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شېرىك قۇلنى ئازاد قىلىش مەسىلىسىدە دېيەلگىنى قۇلغا قىياس قىلىش؛ سېتىۋالغۇچى مالنىڭ پۇلىنى بېرەلمىگەن (سېتىۋالغان مالمۇ قولىدا يوق) ئەھۋالدا، ساتقۇچىنىڭ ساتقان مالدىن باشقا مال قايتۇرۇۋېلىشى مەسىلىسىدە ئايال كىشىنى ئەر كىشىگە قىياس قىلىش دېگەندەك پەرقسىز قىياسلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ.

پەتىۋالىرى توپلام قىلىنغان، لېكىن بۇلارنىڭ پەتىۋالىرى مەزھەپكە ۋەكىللىك قىلىشتا «ئەسھابۇل ۋۇجۇھ»نىڭ پەتىۋالىرىغا يەتمەيدۇ.

### □ بەشىنچى: «نەقىلچى مۇپتى» ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

«نەقىلچى مۇپتى» ــ مەزھەپنى ياد بىلىدىغان، (مەزھەپنىڭ قاراشلىرىنى توغرا) نەقىل قىلالايدىغان، ئاسان ۋە قىيىن مەسىلىلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، لېكىن مەزھەپنىڭ دەلىللىرىنى بېكىتىش ۋە قىياسلىرىنى تەھرىرلەشتە ئاجىز مۇپتىدۇر[1]. بۇلارنىڭ

[1] بۇلار ئىجتىھاد قۇراللىرىنى پۇختا ئىگىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەسلا ئىجتىھاد قىلالمايدىغان نەقىلچى مۇپتىلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. بۇلار ئۇسۇل ـ قائىدىنىمۇ، فۇرۇئ (تارماق ئەھكاملار)نىمۇ ئىمامىغا تەقلىد قىلىدۇ. بۇلار ئەھلۇت تەرجىھمۇ (كۈچلەندۈرگۈچى)، ئەھلۇت تەخرىجمۇ، ئەسھابۇل ۋۇجۇھمۇ ئەمەس. بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەزھەپ فەقىھلىرى تەرجىھ قىلغان (كۈچلەندۈرگەن) قاراشلارنى نەقىل قىلغۇچىلاردۇر. لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە زىت دەلىللەرنى تەكشۈرۈپ، تەرجىھ قىلماستىن سېلىشتۇرالايدۇ. گاھىدا ھەر خىل قاراش، رىۋايەتلەر ئىچىدىن مەزھەپنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا بەكرەك ئۇيغۇن ۋە كۈچلۈكرەك قاراشنى تاللىيالايدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ پىشىلگەن فىقھشۇناستۇر. بۇلار مەزھەپ دائىرىسىدە فىقھى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر. كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، بۇلارنىڭ نەقىللىرىنى، شۇنداقلا مەزھىپىدىكى مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ كىتابلىرىدىن نەقىل قىلىپ بەرگەن پەتىۋالىرىنى ئىشەنچلىك بولسىلا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. كۈنىمىزدە مۇجتەھىد مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز. ئەمەلىيەتتە، نەقىلچى مۇپتى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇپتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ـ ئادەتتە مۇپتى دېيىلگەنلىكى ۋە مۇپتى ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن مەجازىي مەنىدىكى مۇپتىدۇر. نەقىلچى مۇپتىنىڭ فەقىيھۇننەپس (يەنى فىقھ ئىلمىدا چېنىققان، پەتىۋا بېرىش تەجرىبىسىگە ئىگە، ھەر دائىم پەتىۋا مەنبەلىرى ۋە ئىجتىھاد يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان كىشى) بولۇشى، مەزھەپنى ياد بىلىشى، مەزھەپتىكى ھەر خىل رىۋايەتلەرنى، مۇجتەھىدلەرنىڭ تەئۋىللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ زاھىرىنى ئىزاھلاشلىرىنى، شۇنداقلا شەكىلداش مەسىلىلەر ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلىق ۋە ئورتاق تەرەپلەرنى بىلىشى شەرتتۇر. نەقىلچى مۇپتىدا بۇ شەرتلەر تېپىلمىسا، ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنى بىلمىسە، بىلمىسىز ھېسابلىنىدۇ، مۇپتىلىق شەرتلىرى ۋە سالاھىيىتى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىز بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر پەتىۋا بېرىشكە ئۇرۇنسا، مۇسۇلمان ئەمەلدارلار ئۇلارنى چەكلىشى لازىم. ئۆمەۋىلەرمۇ بۇنداق كىشىلەرنى پەتىۋا بېرىشتىن چەكلەيتتى.

نەقىللىرىگە تايىنىشقا، ئىمامنىڭ مەزھەپ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن سۆزلىرىنى ۋە مەزھەپىدىكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى نەقىل قىلىپ بەرگەن پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇلار كىتابلاردا نەقىل قىلىنمىغان، لېكىن نەقىل قىلىنغان مەسىلىلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن پەرق يوق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان مەسىلىلەردە پەتىۋا بەرسە ۋە بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرىگە قىياس قىلسا بولىدۇ. مەزھەپتە ئېتىراپ قىلىنغان قائىدىلەرنىڭ ئاستىغا كىرىدىغان مەسىلىلەردىمۇ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغان ئەھۋالدا، پەتىۋا بېرىشتىن تىلىنى يىغىشى لازىم. بۇنداق مەسىلىلەر مەزكۇر ئالىملارغا نىسبەتەن كەم تېپىلىدىغان ئىشتۇر. ئىمامۇل ھەرەمەين (ئىككى ھەرەم ئىمامى جۇۋەينىي) ئېيتقاندەك، مەزھەپتە ئۇچۇق بايان قىلىنمىغان، بايان قىلىنغان مەسىلىلەر بىلەن مەنە جەھەتتىمۇ بىرلەشمەيدىغان، قائىدىلەرنىڭ ئاستىغىمۇ كىرمەيدىغان مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئەقىلدىن يىراق.

بۇنداق مۇپتىلارنىڭ شەرتى فىقھ ئىلمىدىن نېسۋىسىنى تولۇق ئالغان فەقىيھۇننەپس[1] بولۇشتۇر.

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى تۈردىكى مۇپتىلار مەزھەپنىڭ كۆپ قىسىم مەسىلىرىنى ياد بىلسە، قالغان مەسىلىلەرنى تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئاسان بىلەلىسە كۇپايە».

---

ئىبنى قەييىم جەۋزىييە مۇنداق دېدۇ: «سالاھىيىتى توشمايدىغان تۇرۇپ پەتىۋا بەرگەن كىشى گۇناھكار، ئاسىيدۇر. ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلغان ئەمەلدارمۇ گۇناھكاردۇر». ئىبنى قەييىم: «إعلام الموقعين»، 4 ـ تۇم، 166 ـ بەت.

[1] فەقىيھۇننەپس ــ فىقھ ئىلمىدا چېنىققان، پەتىۋا بېرىش تەجرىبىسىگە ئىگە، ھەر دائىم پەتىۋا مەنبەلىرى ۋە ئىجتىھاد يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان كىشى. ــ ت.

HAK
HAKSEVER

بەشىنچى بۆلۈم

## مۇپتىلارنىڭ تۈرلىرى

مۇپتىلار بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەربىر دەرىجىدە مەزھەپنى ياد بىلىش ۋە فىقھ ئىلمىدە توشقان بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ شەرتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىماي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىشكە ئۇرۇنغانلار ئېغىر خاتالاشقان بولىدۇ.

ئىمامۇلھەرەمەيىن قاتارلىقلار «فىقھ ئىلمىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار، ماھىر ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى (ئۇسۇلۇل فىقھ ئۆلىمالىرى) نىڭ شۇ ئىلمگە تايىنىپلا پەتىۋا بېرىشى قەتئىي توغرا ئەمەس، ئۇلارمۇ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، فەقىھلەردىن پەتىۋا سورىشى لازىم» دەپ قارىغان. ئاز - تولا فىقھ ئىلمىنى بىلىدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئىختىلاپ ۋە مۇنازىرە ئىلمى ئالىملىرىمۇ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، فىقھشۇناسلاردىن پەتىۋا سورىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلار ئىجتىھاد قوراللىرىغا ئىگە بولمىغاچقا، مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى مۇستەقىل ھالدا بىلىشكىمۇ؛ ئىمامىنىڭ مەزھىپىنى توغرا شەكىلدە يادلىمىغاچقا، مەزھەپكە ئاساسلىنىپ بىلىشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ.

تۈرلۈك كىشى پەتىۋا سوراش ئۈچۈن يۇرتىدا مەزھەپ كىتابلىرىدىن بىر ياكى بىرنەچچە پارچە كىتابنى يادلىغان، لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇجتەھىدلەرنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىمىغان ۋە ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ دەرىجىسىگىمۇ يەتمىگەن

ئادالەتلىك كىشىدىن[1] باشقا ئادەم تاپالمىسا، شۇنىڭدىن پەتىۋا سورىسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر باشقا يۇرتتا پەتىۋا بىرەلەيدىغان كىشى بولۇپ، شۇ يۇرتقا بېرىش ئىمكانىيىتى بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ، لاياقەتلىك كىشىدىن پەتىۋا سورىشى ۋاجىپ؛ ئەگەر بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، مەزكۇر چالا ئالىمغا مەسىلىسىنى بايان قىلسا، چالا ئالىم مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى كىتابتىكى تېكىستى بويىچە ئەينەن نەقىل قىلىپ بەرسە بولىدۇ[2]. بۇ ۋاقىتتا تۇرۇۋاك كىشى مەزھەپ ئىمامىغا تەقلىد قىلغان بولىدۇ.

ئەبۇ ئەمر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراشنى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچراتتىم، باشقا دەلىللەرمۇ مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ[3]. ئەگەر مەزكۇر چالا ئالىم مەسىلىنى كىتابلاردا ئەينەن تاپالمىسا، كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن باشقا مەسىلىلەر بىلەن

[1] يەنى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرمىغان، ئادەمگەرچىلىكىگە رىئايە قىلىدىغان كىشى. — ت.

[2] ئىبنى ھەجەر ھەيتەمىي رەھىمەھۇللاھ مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتمىگەن مۇپتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ياكى بىرقانچە پارچە كىتاب ئوقۇغان، لېكىن پەتىۋا بەرگۈدەك سالاھىيەت ھازىرلىمىغان كىشى ئۆزى ياخشى بىلىدىغان تاھارەتتە نىيەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى، زەكەرنى ياكى يات ئايالنى تۇتسا تاھارەتنىڭ سۇنۇشى دېگەندەك شافىئىي مەزھەپتە ھۆكمى ئېنىق مەسىلىلەردە ئاۋام ـ خەلققە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. ئەمما، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە پەتىۋا بەرسە بولمايدۇ. ئەگەر ئىشەنچلىك بىر كىشى مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى يەنە بىر مۇپتىدىن ياكى ئىشەنچلىك كىتابتىن نەقىل قىلىپ بەرسە، تۇرۇۋاك كىشى ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى بۇ ۋاقىتتا پەتىۋا بەرگۈچى ئەمەس، بەلكى نەقىل قىلغۇچىدۇر. مۇپتىلاردىن باشقىلار بىر ياكى بىرقانچە ئوخشىشىنى تاپقان تەقدىردىمۇ، كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا بەرسە بولمايدۇ». ئىبنى ھەجەر ھەيتەمىي: «الفتاوى الكبرى»، 4 ـ توم، 396 ـ بەت.

[3] ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «چالا ئالىم مۇپتى سانالمايدۇ. ئىلگىرى بايان قىلىنغان مۇپتىلارنىڭ تۈرلىرى ئىچىگىمۇ كىرەلمەيدۇ». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 40 ـ بەت.

مەزكۇر مەسىلە ئارىسىدا پەرق يوق دەپ جەزم قىلغان تەقدىردىمۇ، قىياس قىلسا بولمايدۇ[1]. چۈنكى، ئۇ «پەرق يوق» دەپ خاتا ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن».

«مۇقەللىد (تەقلىد قىلغۇچى) ئۆزى تەقلىد قىلغان قاراش بويىچە پەتىۋا بەرسە بولامدۇ؟» دېيىلگەندە، ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمىي[2]، ئەبۇ مۇھەممەد جۇۋەينىي[3]، ئەبۇلمەھاسىن رۇيانىي[4] قاتارلىقلار:

---

[1] يەنى شېرىنىڭ قولىنىڭ ئازاد بولۇش مەسىلىسىدە دېدەكنى قۇلغا قىياس قىلىشقا ئوخشاش «پەرقسىز قىياس» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. چۈنكى، مۇپتى پەرقلىق مەسىلىلەرنى پەرقسىز مەسىلە دەپ ئويلاپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. مەزكۇر مەسىلىدە دېدەكنى قۇلغا قىياس قىلىش شەرىئەتنىڭ قۇل ئازاد قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى، ئۇنىڭ دەلىللىرى ۋە قۇل بىلەن دېدەك ئارىسىدا پەرق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىگە خاستۇر. ئىبنى سالاھ «أدب المفتي والمستفتي»، 40 ـ بەت.

[2] **ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمىي (ھ. 338 ــ 403/م. 1013ــ949)**: قازى ھۈسەيىن ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ھەلىيم بۇخارىي. ھاكىم مۇنداق دەيدۇ: «ھەلىيمىي ماۋەرائۇننەھىردىكى شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭ يېگانىسى، زېرەك، ئەدىپلىك، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، پەزىلەتلىك، يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئالىم. ئۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ھافىز ئەبۇ بەكرى بەيھەقىي ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن كۆپ نەقىل قىلغان. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «المنهاج في شعب الإيمان»، «آيات الساعة»، «أحوال القيامة» قاتارلىقلار. تەرجىمىھالى ئۈچۈن: ئىبادىي: «طبقات الفقهاء»، 105 ـ بەت؛ «وفيات الأعيان»، 1 ـ توم، 403 ـ بەت؛ «شذرات الذهب»، 3 ـ توم، 167 ـ بەت؛ «البداية والنهاية»، 11 ـ توم، 349 ـ بەت؛ «تذكرة الحفاظ»، 3 ـ توم، 1030 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

[3] **ئەبۇ مۇھەممەد جۇۋەينىي (ھ. ؟438ــ/م. ؟1047ــ)**: شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈف جۇۋەينىي ئىمامۇلھەرەمەيىن ئەبۇلمەئالىي جۇۋەينىينىڭ ئاتىسى. ئەبۇ مۇھەممەد كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، «المحيط» شۇلارنىڭ بىرىدۇر. تەرجىمىھالى ئۈچۈن تەرجىمىھال كىتابلىرىغا قاراڭ.

[4] **ئەبۇلمەھاسىن رويانىي (ھ. 415 ــ 502/م.1025 ــ 1108)** : تولۇق ئىسمى شەيخ ئىمام ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئىسمائىل رويانىي شافىئىيدۇر. ئەسلى يۇرتى تەبەرىستاننىڭ رويان شەھرى بولۇپ، بۇخارا، نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرگە سەپەر قىلغان. تەبەرىستاندا بىر مەدرىسە بىنا قىلغان. كېيىن رەي شەھرىگە، رەيدىن ئىسپاھانغا يۆتكەلگەن. ئىسپاھاندىن ئامۇلغا قايتىپ كەلگەندە، (ئىسمائىلىيە پىرقىسىگە تەۋە) بىر توپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. يادلاش ئىقتىدارى شۇ دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇ ئېغىزى بىلەن «ناۋادا شافىئىي مەزھىپىنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى

«ئۇنداق ئادەمنىڭ پەتىۋا بېرىشى كەسكىن ھارام» دېگەن. قەففال مەرۋەزىي[1]: «پەتىۋا بەرسە بولىدۇ» دەپ قارىغان.

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «دۇرۇس ئەمەس دېگەنلەر: مۇقەللىد ئۆزىنىڭ ئىجتىھادى شەكلىدە پەتىۋا بەرسە بولمايدۇ، بەلكى پەتىۋانى ئۆزى ئەگەشكەن ئىمامغا مەنسۇپ قىلىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بىز مۇپتى دەۋاتقان تەقلىدچى مۇپتىلار ھەقىقىي مەنىدىكى مۇپتى ئەمەس. پەقەت، ئۇلار ھەقىقىي مۇپتىلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن ‹مۇپتى› دەپ ئاتالغان. تەقلىدچى مۇپتىلار: ‹(بۇ مەسىلىدە) ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپى مۇنداق، ئىمام شافىئىي مۇنداق دەپ قارايدۇ› دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىشى

---

كۆپىيىپ كەتسە، يادقا ھەممىسىنى دەپ بېرەلەيمەن» دېگەن. رويانىي «بحر المذهب»، «حلية المؤمن» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «بحر المذهب» ناملىق كىتابى شافىئىي مەزھىپىدىكى چوڭ ھەجىملىك كىتابلارنىڭ بىرىدۇر.

[1] **قەففال مەرۋەزىي**: خۇراسان شافىئىيلىرىنىڭ ئىمامى ئەبۇ بەكرى قەففال سەغىرنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەرۋەزىي بولۇپ، ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇلۇپسازلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ماھىر قۇلۇپسازغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، «قەففال» (قۇلۇپساز) دەپ ئاتالغان. ئۇ 30 ياشقا كىرگەندە شەيخ ئەبۇ زەيد قاتارلىق ئالىملاردىن فىقھ ئىلمى ئۆگىنىشنى باشلاپ، نەمۇنىلىك ئىمامغا ئايلانغان. ئۇنىڭ قولىدا خۇراسانلىق نۇرغۇن فىقھشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. ئۇ ھەدىس ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن ۋە دەرس سۆزلىگەن. فىقھشۇناس ناسىر ئۇمرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى قەففالنىڭ دەۋرىدە فىقھ ئىلمىدە ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدەك بىرى كەلمەيدۇ. بىز ئۇنى ئىنسان سۈرىتىدىكى پەرىشتە، دەيتتۇق». ھەدىسشۇناس ئەبۇ بەكرى سەمئانىي «أمالي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى قەففال فىقھ، ھەدىس، پەرھىزكارلىق، زاھىتلىق جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ شافىئىي مەزھىپىدە باشقا دەۋرداشلىرى يېزىپ باقمىغان ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ تۇتقان يولى شافىئىي مەزھىپىدىكى ئەڭ پۇختا، ئەڭ ئىنچىكە يولدۇر. ھەرقايسى يۇرتلاردىن فىقھشۇناسلار ئۇنىڭدىن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن كېلەتتى. ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن كاتتا ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئىمام قەففال ھ. 410 ـ يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئىككى توملۇق «شرح المختصر»، بىر توملۇق «شرح الفروع»، چوڭ بىر توملۇق «الفتاوى» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

لازىم. گەرچە پەتىۋاسىنى ئىمامىغا مەنسۇپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەھۋال ھەممىگە ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ كېرەك يوق».

«ھاۋىي»نىڭ مۇئەللىپى[1] «تۇرۇك كىشى مەلۇم بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى دەلىللىرى بىلەن بىلگەن بولسا، پەتىۋا بەرسە بولامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئۈچ خىل قاراش بارلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئۈچ خىل قاراش:

1. پەتىۋا بەرسە ۋە ئۇنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىنسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەزكۇر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى ئالىم بىلگەنگە ئوخشاش بىلگەن.

2. مەسىلىنىڭ دەلىلى ئايەت ياكى ھەدىس بولسا، پەتىۋا بەرسە بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، پەتىۋا بەرسە بولمايدۇ.

3. مۇتلەق جائىز ئەمەس. بۇ، ئەڭ توغرا قاراشتۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

---

[1] يەنى ئىمام ماۋەردىي.

HAK
HAKSEVER
بەقسەوەر

ئالتىنچى بۆلۈم

# مۇپتىلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ھۆكۈملەر

بۇ بۆلۈمدە بىرقانچە مەسىلە بايان قىلىنىدۇ:

**بىرىنچى مەسىلە:** مۇپتىلىق پەرز كۇپايىدۇر. پەتىۋا بېرەلىگۈدەك بىرلا مۇپتى بار يۇرتتا، مەزكۇر يۇرت ئەھلىنىڭ سوئاللىرىغا پەتىۋا بېرىش شۇ مۇپتىغا ۋاجىپ بولىدۇ[1]. ئەگەر ئۇ يۇرتتا ئۇنىڭدىن باشقىمۇ مۇپتى بولۇپ، ھەر ئىككى مۇپتى بار يەردە پەتىۋا سورالسا، پەتىۋا بېرىش ئىككىلىسىگە پەرز كۇپايە بولىدۇ. ئەگەر سورۇنغا بىرلا مۇپتى ھازىر بولغان بولسا، ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشىنىڭ ۋاجىپ بولۇش - بولماسلىقىدا ئىككى خىل قاراش بار:

ئەڭ توغرا قاراش: ئىبنى ئەبى لەيلادىن كەلگەن رىۋايەتكە

[1] بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ ئىسھاق شىرازىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر يۇرتتا بىرلا مۇپتى بولسا، ئۇنىڭ سورالغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا بېرىشى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئىلىم ئۆگىتىشى پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. ئاۋادا باشقا مۇپتىلارمۇ بولسا، ئۇنىڭغا پەرز ئەيىن ئەمەس، بەلكى پەرز كۇپايە بولىدۇ. قايسىبىرى پەتىۋا بەرسە، باشقىلارمۇ مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلىدۇ». شىرازىي: «اللمع فى أصول الفقه مع شرح بهجة الوصول»، 370 ـ بەت. مېنىڭچە، پەتىۋا بېرىشنىڭ ھۆكمى ۋە ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئەھكاملارغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە ئۆرغۇن ئالىملاردىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش قاراشلار نەقىل قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، پەتىۋا بېرىش ئومۇمىي جەھەتتىن پەرز كۇپايىدۇر، لېكىن بىر مۇپتىدىن باشقا مۇپتى بولمىغان زۆرۈر ئەھۋاللاردا پەتىۋا بېرىش مەۋجۇت مۇپتىغا پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ. ئۇسۇلۇل فىقھ ئىلمىدە ئېتىراپ قىلىنغان قائىدىلەرنىڭ بىرى «باياننى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ». بۇ، كۆپچىلىك ئۇسۇلۇل فىقھ ئالىملىرى ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىشەنچلىك قاراشتۇر.

ئاساسلانغاندا[1]، ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشى ۋاجىپ ئەمەس[2].

ئىككىنچى قاراش: پەتىۋا بېرىشى ۋاجىپ[3].

بۇ مەسىلىدىكى قاراشمۇ گۇۋاھلىق مەسىلىسىدىكى ئىككى خىل قاراشقا ئوخشايدۇ[4].

ئەگەر تۇرۇۋاتقان كىشى تېخى يۈز بەرمىگەن مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورىسا، پەتىۋا بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ[5].

[1] كىتابنىڭ 32 ـ بېتىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى لەيلانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەنسارلاردىن 120 كىشى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ بىرىدىن سوئال سورالسا، باشقا بىرىگە ئىتتىرەتتى، ئۇ يەنە بىرىگە ئىتتىرەتتى. ئاخىرى سوئال يەنە ئاۋۋالقى كىشىگە قايتىپ كېلەتتى» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

[2] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك قاراش شۇكى، ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشى ۋاجىپ بولمايدۇ».

[3] بۇ، ھەلىمىيدىن رىۋايەت قىلىنغان قاراشتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سوئال سورالغان ئىكەن، جاۋاب بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ، باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشى توغرا بولمايدۇ». ئىبنى سالاھ «(أدب المفتي والمستفتي)»، 45 ـ بەتتە ھەلىمىيدىن نەقىل قىلغان.

[4] يەنى مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئىككى گۇۋاھچىسى بولۇپ، سوت مەيدانى ياكى باشقا بىر سورۇندا ئىككى گۇۋاھچىدىن بىرىلا بولسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ ۋاجىپ بولۇش ـ بولماسلىقىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار دېمەكچىدەك تۇرىدۇ. ـــ ت.

[5] ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا پەتىۋا بېرىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرى سورالغان ئىش ئەمەلىي يۈز بەرگەن ياكى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان، سورىغۇچىنىڭ ھۆكمىنى بىلىشى ۋاجىپ بولغان ئىش بولۇشتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولماي، يۈز بېرىش ئېھتىمالى تۆۋەن ئىش بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا پەتىۋا بېرىش مەكرۇھتۇر. پەقەت ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈنلا جاۋاب بەرسە بولىدۇ. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ **«ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار»** دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلغان. [سۈرە مائىدە، 101 ـ ئايەت]. ئەللامە باغدادىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: سەلەپ سالىھلار بۇنداق سوئاللارنى يامان كۆرەتتى. ئۇلار بۇنداق سوئال سورالسا، سورىغۇچىدىن: «شۇنداق ئىش بولدىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۈز بەردىمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر ئۇ: «ياق» دېسە، «بىزنى خاتىرجەم ياشىغىلى قوي» دەيتتى. بۇنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى بولباشچىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار ئىدى. لېكىن، يامان كۆرۈلىدىغان سوئال ئىلمىي پايدىسى يوق، بىلمىگەننى بىلىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى دەتالاش قىلىش،

**ئىككىنچى مەسىلە:** مۇپتى بىرەر مەسىلىگە پەتىۋا بېرىپ، كېيىن پەتىۋاسىدىن يېنىۋالغان بولسا، پەتىۋا سورىغۇچى ئۇنىڭ پەتىۋاسىدىن يانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلىۋەرسە بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ پەتىۋاسى بىلەن توي قىلىپ ئۆي تۇتۇۋاتقان بولسا، مۇپتى پەتىۋاسىدىن يانغاندىن كېيىن ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتىشى لازىم بولىدۇ[1]. بۇ، خۇددى ئىمامنىڭ نامازدا تۇرۇپ قىبلىنىڭ يۆنىلىشى ھەققىدىكى قارىشى ئۆزگەرگەنگە ئوخشايدۇ[2]. ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتى پەتىۋاسىدىن يېنىشتىن بۇرۇن پەتىۋا بويىچە ئىشنى قىلىپ بولغان بولسا، پەتىۋا كەسكىن دەلىلگە خىلاپ بولسا، مەزكۇر كىشىنىڭ قىلغان ئىشنى بۇزۇشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئىختىلاپلىق مەسىلە بولسا، بۇزۇشى كېرەك ئەمەس[3]. چۈنكى، بىر

---

خاتالاشتۇرۇش ئۈچۈن سورالغان ياكى كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان سوئالدۇر.

[1] ئەگەر مۇپتى پەتىۋاسى بىلەن نىكاھ ئوقۇلۇۋاتقان ياكى نىكاھ ئوقۇلۇپ، ئەر - خوتۇن ئىجى بىر يەردە بولمىغان ئەھۋالدا پەتىۋاسىدىن يانغان بولسا، نىكاھنى توختىتىپ ياكى بىر يەردە بولماي تۇرۇپ، باشقا مۇپتىلاردىن سورىغاندىن كېيىن ئىش كۆرسە بولىدۇ. ئەگەر ئەر - خوتۇن بىر يەردە بولۇپ بولغاندىن كېيىن مۇپتى پەتىۋاسىدىن يانغان بولسا، ئىلگىرىكى پەتىۋا ئىختىلاپسىز خاتا پەتىۋا بولسا، ئەر - خوتۇن ئاجرىشىپ كېتىشى كېرەك. ئەگەر مۇپتى مەزھىپىگە خىلاپ پەتىۋا بېرىپ سالغانلىقى ئۈچۈنلا پەتىۋاسىدىن يانغان بولسا، بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. شافىئىي مەزھىپى ۋە بىر قىسىم ھەنبەلىي ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدىكى كۈچلۈك قاراش ئاجرىشىپ كېتىشى ۋاجىپ. ئەمما، كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئىلگىرىكى پەتىۋاسى مۇپتىنىڭ مەزھىپىگە خىلاپ بولغىنىنى بىلەن، باشقا مەزھەپلەرگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر - خوتۇن بىر يەردە بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئاجرىشىپ كېتىشى ۋاجىپ ئەمەس. — ت. ئىبنى قەييىم: «(إعلام الموقعين عن رب العالمين)»، «(دار الكتب العلمية — بيروت)»، 4 - توم، 172 - بەت.

[2] بۇ مەسىلىنىڭ شەكلى مۇنداق: قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن بىرنەچچە كىشى قىبلىنىڭ يۆنىلىشى ھەققىدە ئىزدەنگەندىن كېيىن، بىرىنى ئىمام قىلىپ، ئۆزلىرى قىبلە دەپ قارىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئىمامنىڭ قىبلە ھەققىدىكى قارىشى ئۆزگىرىپ، ئۆزىنى قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋېتىپتىمەن دەپ ئىشەنچ قىلالىغان بولسا، ئۆزى قىبلە دەپ قارىغان تەرەپكە بۇرۇلىدۇ، جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ، ئىمام بۇرۇلغان تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. — ت.

[3] بۇ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. كۆپچىلىك ئالىملار «مۇپتىنىڭ ئىجتىھاد ئارقىلىق

بەرگەن پەتىۋالىرىغا قايتا قاراپ چىقىشى زۆرۈر ئەمەس» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجتىھادى توغرا ئىجتىھادتۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، قايتا قاراپ چىقىشى كېرەك ئەمەس. ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قائىدىلەرنىڭ بىرى شۇكى، «بىر ئىجتىھاد يەنە بىر ئىجتىھاد ئارقىلىق بۇزۇلمايدۇ». «قايتا قاراپ چىقىش ۋاجىپ» دېيىش دەلىلسىز ۋاجىپ قىلغانلىقتۇر. يەنە كېلىپ، مەسىلىگە زىت كېلىدىغان يېڭى بىر ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئەسلىدۇر. يۇقىرىقى قائىدىنىڭ دەلىلى ساھابىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدۇر. ساھابىلەر بىر مەسىلە تەكرار سورالسا، ئاۋۋالقى جاۋابىنى بېرەتتى. بەزى ئالىملار «مۇپتى ئېھتىيات يۈزىسىدىن پەتىۋاسىغا تەكرار قاراپ چىقىشى لازىم، چۈنكى كۆپ ھاللاردا ئىجتىھاد ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ئىجتىھادنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن تەكرار قاراپ چىقىش ۋاجىپ دېسەك، ئەبەدىي تەكرار قاراپ چىقىش كېرەك بولىدۇ. چۈنكى ئاۋۋالقى ئىجتىھادتىن كېيىنكى ھەر ۋاقىتتا مۇشۇ ئېھتىماللىق مەۋجۇت. شۇڭا، بۇنداق قىلىش كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئىجتىھاد يېڭى مەسىلە يۈز بەرگەن، شەرتلىرى ھازىرلانغاندا ۋاجىپ بولىدۇ. سەۋەب ئۆز ھۆكمىنى ئېلىپ بولدى. ئۇنىڭغا خاتالىق ئېھتىمالى تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇجتەھىد پەقەت ئېرىشچانلىق قىلىش ئارقىلىقلا ساۋابقا ئېرىشىدۇ». بۇ مەسىلىدىكى ئىختىلاپ يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بىز دېمىزكى، بۇ مەسىلىدە مۇنداق تەپسىلاتلار بار: ئەگەر مۇپتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىجتىھادى ئېسىدە بولسا، شۇ بويىچە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ، ئۇنتۇپ قالغان بولسا، قايتا ئىجتىھاد قىلىشى لازىم. ئەگەر كېيىنكى ئىجتىھادى ئاۋۋالقى ئىجتىھادىنىڭ ئەكسىگە ئېلىپ بارسا، كېيىنكىسى بويىچە پەتىۋا بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئاللاھ ھەر دائىم يېڭى شەيئىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ. مۇپتى ئاللاھنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىلگىرى ئۆزى بايقىمىغان قانداق يېڭى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ياخشىلىقلارنى ياراتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭغا سەل قاراش سەۋەنلىكتۇر. پەتىۋا سورىغۇچىغا پەتىۋانىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ياخشى ئىش. چۈنكى، ئۇ، مۇپتىدىن ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى سورىدى، مۇپتىنىڭ ئىجتىھادى ئۆزگەردى. پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتى ئاللاھنىڭ ھۆكمى دەپ قارىغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما پەتىۋا سورىغۇچى بېرىلگەن پەتىۋاغا ئەمەل قىلىپ بولغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى لازىم ئەمەس.

يەنە بىر مەسىلە: مۇپتى مەلۇم مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىپ، ئىمامىنىڭ مەزھىپىگە خىلاپ پەتىۋا بەرگەن بولسا، ئىجتىھادىنى بۇزۇپ، پەتىۋاسىدىن يېنىشى ۋاجىپ. بۇ ھەقتە ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەزھەپ بويىچە پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتى ئىمامىنىڭ سۆزىگە خىلاپ پەتىۋا بەرگەنلىكى ئايان بولسا، ئىختىلاپلىق مەسىلە بولغان تەقدىردىمۇ پەتىۋاسىدىن يېنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئىمامىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇستەقىل مۇجتەھىد ھەققىدىكى شەرئىي تېكىستلىرى (ئايەت ۋە ھەدىسلەر) گە ئوخشايدۇ. ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچى ئۇنىڭ پەتىۋاسىدىن يانغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىدىن يېنىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش

بۇ تەپسىلاتلارنى سەيمەرىي، خەتىب، ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ قاتارلىقلار بايان قىلغان ۋە شۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەن. مەنمۇ بۇنىڭغا خىلاپ قاراش بارلىقىنى بىلمەيمەن.

ئىمام غەززالىي ۋە رازىيلارنىڭ سۆزلىرىدىمۇ بۇنىڭغا قارشى ئۇچۇق گەپ يوق.

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەزھەپ بويىچە پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتىنىڭ ئىمامىنىڭ سۆزىگە خىلاپ پەتىۋا بەرگەنلىكى ئايان بولسا، ئىختىلاپلىق مەسىلە بولغان تەقدىردىمۇ پەتىۋاسىدىن يېنىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى، مۇستەقىل مۇجتەھىدكە نىسبەتەن شەرىئەت تېكىستلىرى (ئايەت ۋە ھەدىسلەر) قانداق ئورۇندا تۇرىدىغان بولسا، ئىمامىنىڭ سۆزىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇنداق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچى ئۇنىڭ پەتىۋاسىدىن يانغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىدىن يېنىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مۇپتى پەتىۋا سورىغۇچى ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن پەتىۋاسىدىن يانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى

بولىدۇ. مۇپتىنىڭ پەتىۋا سورىغۇچى ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن پەتىۋاسىدىن يانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى لازىم بولىدۇ. شۇنداقلا، ئەمەل قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قىلغان ئىشنى بۇزۇش ۋاجىپ بولىدىغان ئەھۋاللاردا پەتىۋادىن يانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ۋاجىپ بولىدۇ». ئىبنى سالاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى ھەسەن ئىبنى زىياد ئىنتايىن ياخشى قىلغان. بىرگە يەتكەن رىۋايەتتە ئۇ بىر مەسىلىدە خاتا پەتىۋا بېرىپ قويۇپ، پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، بىر كىشىنى ئىجارىگە ئېلىپ، «ھەسەن ئىبنى زىياد پالانى كۈنى سورالغان پالانى مەسىلىگە خاتا جاۋاب بېرىپ سالدى. ھەسەن ئىبنى زىيادتىن ئۇ مەسىلىدە پەتىۋا سورىغان كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كەلسۇن!» دەپ كوچىلاردا جاكارلىغىلى سالغان. پەتىۋا سورىغان كىشى كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئېيتىپ، توغرا پەتىۋانى بەرگەنگە قەدەر بىرنەچچە كۈن پەتىۋا بېرىشنى تەرك ئەتكەن. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئىبنى سالاھنىڭ: «أدب المفتي والمستفتي» (مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپلىرى) ناملىق كىتابى، 1 ـ توم، 45 ــــ 46 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. مۇئەللىپ بۇ يەردە ئىبنى سالاھنىڭ يۇقىرىقى سۆزىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

لازىم. شۇنداقلا، ئەمەل قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، قىلغان ئىشنى بۇزۇۋش ۋاجىپ بولىدىغان ئەھۋاللاردا چوقۇم ئۆزىنىڭ پەتىۋادىن يانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ۋاجىپتۇر».

پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا تايىنىپ بىرەر ئىشنى بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، مۇپتىنىڭ خاتالاشقانلىقى، كەسكىن دەلىللەرگە خىلاپ پەتىۋا بەرگەنلىكى ئايان بولسا، بۇ مەسىلىدە ئۇستاز ئەبۇ ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت كەلگەن: «ئەگەر مۇپتى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان كىشى بولسا، بۇزۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ (چۈنكى مۇپتى ئىنچىكە ئىزدەنمەي تۇرۇپ پەتىۋا بەرگەن بولۇپ، سەۋەنلىك شۇنىڭدىن ئۆتكەن). ناۋادا ئۇ پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشمايدىغان كىشى بولسا، تۆلىتىلمەيدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا سەۋەنلىك پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەن بولىدۇ (يەنى ئۇ پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى توشمايدىغان كىشىدىن پەتىۋا سورىغان)». شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان[1] ۋە بۇنىڭغا باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىگەن. بۇ گەپتە مۇجمەللىك بار[2].

بۇ مەسىلىدىمۇ بۇلاڭچىلىق ۋە نىكاھ قاتارلىق ئىشلاردا يالغان ئېيتىپ زىيانغا سەۋەب بولۇش مەسىلىسىدىكىگە ئوخشاش ئىككى

---

[1] ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 45 — 46 ـ بەتكە قاراڭ.

[2] مۇئەللىپ «بۇ مەسىلە تازا ئېنىق يورۇتۇلمىغان» دەيدۇ. چۈنكى، ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولغىنى بۇنىڭ ئەكسىدۇر. ئۆلىمالار «مۇجتەھىدلىك شەرتلىرىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، پەتىۋا بەرگەن مۇپتىلار زىياننى تۆلەيدۇ» دېگەن. يەنى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتى ھازىرلىماي تۇرۇپ پەتىۋا بەرگەن مۇپتىلار زىيانغا ئۇچرانقان مال ـ مۈلۈك ۋە جانلارنى تۆلەيدۇ. ئىمام زەرقانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇجتەھىد پەتىۋاسى سەۋەبىدىن زىيانغا ئۇچرىغان شەيئىلەرگە ھېچقانداق تۆلەم تۆلىمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلار پەتىۋا بېرىپ، زىيانغا سەۋەب بولسا تۆلەيدۇ». «مختصر الخليل بشرح الزرقاني»، 6 ـ توم، 137 ـ بەت. مېنىڭچە، تۆلەيدۇ، چۈنكى ئۇ سالاھىيىتى توشمايدىغان ئىشقا چات كىرىدى. ئۆزىنى مۇپتى كۆرسىتىپ پەتىۋا سورىغۇچىنى ئالدىدى. بۇنداق ساختا مۇپتىلاردىن ئەلھەزەر! ئەھەزەر!!!

خىل قاراش بولۇشى[1] ياكى «تۆلىتىلمەيدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتىش لازىم. چۈنكى، پەتىۋا مەجبۇرلاش، زورلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس[2].

## ئۈچىنچى مەسىلە: پەتىۋا بېرىشتە بىپەرۋالىق قىلىش ھارام[3]،

[1] مەسىلەن، دېدەكنى ھۆر دەپ يالغان ئېيتىپ ئەرگە بېرىش دېگەنگە ئوخشاش. — ت.

[2] بۇنى مۇتلەق ھۆكۈم دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە بىر قىسىم تەپسىلاتلار بار. تەپسىلاتلارغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئالىملارنىڭ مۇپتىغا بەرگەن تەبىرىگە قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالىملار مۇپتىغا «ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىدىن مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولمىغان خەۋەر بەرگۈچى» دەپ تەبىر بەرگەن. بۇ توغرا تەبىر. چۈنكى، پەتىۋا بىلەن قازىنىڭ ھۆكمىنىڭ پەرقى مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقتا پەرقلىنىدۇ. پەتىۋا ئومۇمىي جەھەتتىن مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس، قازىنىڭ ھۆكمى بولسا پەتىۋانىڭ ئەكسىچە، مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە. بۇ پەرق پەتىۋانىڭ مۇھىم ھۆكۈملىرىنىڭ بىرى. «پەتىۋانىڭ ھەممىسى مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس» دەپ مۇتلەقلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك تەپسىلات بار: ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچى مەلۇم بىر مەزھەپكە ئەگەشمىگەن، مەزھەپ تۇتمىغان كىشى بولسا، پەتىۋاغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس. ئالىملارنىڭ ئىجمائى بۇنىڭغا دەلىلدۇر. چۈنكى، ئاۋام ـ خەلق دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە ئالىملاردىن پەتىۋا سورايتتى، لېكىن دەسلەپ پەتىۋا سورىغان مۇپتىدىنلا پەتىۋا سوراشقا باغلىنىپ قالمايتتى. ھېچبىر ئالىم ئۇلارنى بۇنىڭدىن توسۇپ باقمىغان. ئالىملارنىڭ قارشى تۇرمىغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنىڭ توغرىلىقىغا ئىجماﺋ قىلغانلىقى ۋە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقان مۇئەييەن مەزھىپى بولسا، ئالىملار ئارىسىدا بۇ مەسىلىدە بىرنەچچە خىل قاراش بار: **بىرىنچى:** پەتىۋاغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ؛ **ئىككىنچى:** ۋاجىپ ئەمەس؛ **ئۈچىنچى:** ئەگەر ئۇ پەتىۋا سورىغان مەسىلىدە مەزكۇر مۇپتىغا ئەگىشىدىغان كىشى بولسا، پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ، ئۇنىڭ چېكىنىش يولى يوق. ئەگەشمەيدىغان كىشى بولسا، پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ ئەمەس، چېكىنىش يولى بار. پەتىۋا سورىغۇچى بۇ ۋاقىتتا مەزھەپ تۇتمىغان كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ پەتىۋاغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولغان ئەھۋالدا «مۇپتىغا خاتا پەتىۋاسى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان زىياننى تۆلىتىش مەسىلىسى»نىڭ قائىدىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن بۇ تەپسىلاتلارنى بايان قىلىش زۆرۈر. بۇ پەتىۋانىڭ مۇھىم ھۆكۈملىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭغا دىققەت قىلىنىڭ.

[3] مەلۇمكى، نورمالدا مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە قىيىنلىق ۋە قاتتىقلىق ئەمەس، بەلكى ئاسانلىقنى تاللىشى لازىم. لېكىن، بەزىدە چىڭ قاراش بىلەن پەتىۋا بېرىش پايدىلىق بولۇپ قالسا، چىڭ قاراشنى تاللىسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئالىملار مۇپتى گۇناھ ـ مەسىيەتكە سەل قارايدىغان، گۇناھ

شۇنىڭدەك پەتىۋا بېرىشتە بىپەرۋالىقى بىلەن تونۇلغان كىشىلەردىن پەتىۋا سوراشمۇ ھارام. مەسىلە ئۈستىدە ئىنچىكە ئىزدەنمەي، راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ، ئالدىراپ پەتىۋا بېرىش بىپەرۋالىق جۈملىسىدىندۇر[1]. بۇرۇن بىلىپ بولغان مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ئىزدەنمەستىن پەتىۋا بەرسە كېرەك يوق. ئىلگىرىكى ئۆلىمالارنىڭ دەرھال پەتىۋا بەرگەنلىكى ھەققىدە

---

قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان كىشىگە سىياسەت يۈزىسىدىن چىڭ پەتىۋا بەرسە: ئۆزى ۋە باشقىلارغا چىڭ يول تۇتۇۋالغان كىشىنى ئوتتۇراھال بولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن دەلىللەرگە ئۇيغۇن ھالدا ئاسان، يەڭگىل قاراشلار بىلەن پەتىۋا بەرسە بولىدۇ». ئىمام نەۋەۋى: «المجموع»، 1 ـ توم، 46 ـ، 50 ـ بەت. بۇ ھەقتە بىز دەلىل قىلىشقا ئەرزىيدىغان گۈزەل سۆزلەرنىڭ بىرى ئىمام شاتىبىينىڭ سۆزىدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «كامالەتكە يەتكەن مۇپتى ئاۋام ـ خەلقنى ئۇلارنىڭ ھالىغا لايىق ئوتتۇرا ھال بولغا يېتەكلەيدىغان، ئۇلارغا بەك چىڭ يول تۇتۇۋالمايدىغان، ئۇلارنى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا سەل قارايدىغان بوش يولغىمۇ باشلاپ قويمايدىغان كىشىدۇر». شاتىبىي: «الموافقات»، 5 ـ توم، 277 ـ بەت. شاتىبىينىڭ سۆزىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئوتتۇرا ھاللىق شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن داۋامىي يولدۇر. ئالالھنىڭ مەقسىتى مۇكەللەپ (بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا كىشى) نىڭ ئاشۇرۇۋەتمەستىن، سەل قارىماستىن، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇشىدۇر. بۇنى ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئوتتۇرا ھاللىقتىن چىقىپ كەتكۈچى شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇڭچىللىق ياكى سولچىللىق ئوتتۇرا ھال يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكتۇر. ئاشقۇنلۇقمۇ ھالاكەت، سەل قاراشمۇ ھالاكەتتۇر. مۇپتىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بىر سۈپىتى سانالغان ئاسانلىق ۋە قولايلىق شەرئىي تەكلىپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ھەربىر مۇسۇلمان بىلىدىغان دىنىي مەسىلىلەرگە قارشى پەتىۋا بېرىش؛ رۇخسەتلەرنى، شۈبھىلىك ھۆكۈملەرنى، ھارام ياكى مەكرۇھ ھىيلىلەرنى ئىستىقلاپ يۈرۈش؛ دەلىللەرنى ۋە ھۆكۈملەرنىڭ يوللىرىنى تەتقىق قىلىشنى تاشلاپ، يۈزەكى، تېيىز تەپەككۇر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس. بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنگەن. بەلكى، مەقسەت شەرىئەتنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى، كۈللىياتلىرى ۋە ئومۇمىياتلىرىغا ئۇيغۇن چىقىش يولى بار مەسىلىلەردە ئاسانلىق ۋە قولايلىق تەرەپنى تۇتۇپ پەتىۋا بېرىشتۇر. بىز كۆزدە تۇتقان ئاسانلىق مانا بۇ ياكى بۇنىڭغا يېقىندۇر.

[1] مۇپتىنىڭ «تېز پەتىۋا بېرىش يۈكسەك ماھارەت، كېچىكتۈرۈپ پەتىۋا بېرىش ئەيىب ۋە ئىلمىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى» دەپ ئويلاپ قېلىشى ئۇنىڭ ئىنچىكە تەتقىق قىلماستىن پەتىۋا بېرىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ نادانلىقتۇر. ئالدىرىماي توغرا پەتىۋا بېرىش ئالدىراپ خاتا پەتىۋا بېرىپ، ئازغاندىن ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغاندىن ياخشى.

كەلگەن نەقىللەر بۇرۇن بىلىپ بولغان مەسىلىلەرگە قارىتىلىدۇ.

يامان غەرىزىنىڭ كەينىگە كىرىپ هارام ياكى مەكرۇھ ھىيلىلەرنى ئىزدەش، يېقىنلىرىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ رۇخسەت تېپىپ بېرىش ۋە زىيانغا ئۇچرىشىنى ئارزۇ قىلمىدىغان كىشىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۈبھىلەرگە ئېسىلىشمۇ بىپەرۋالىق جۈملىسىدىندۇر.

ئەمما، ساپ نىيەتلىك مۇپتىنىڭ «قەسەمدە قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگۈچىنى قۇتقۇزۇپ قويۇش» قا ئوخشاش شۈبھىسىز چارىلەرنى ئىزدىشى ياخشى ئىشتۇر[1].

سەلەپلەردىن ھىيلە (چارە) ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر شۇنىڭغا قارىتىلىدۇ. سۇفيان (ئىبنى ئۇيەينە) مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىلىم ئىشەنچلىك كىشىنىڭ ئاسانلاشتۇرۇشىدۇر، چىڭىتىشنى ھەركىم قىلالايدۇ».

ئۆزى شۈبھىلىك، قىلغۇچىمۇ ئەيىبلىنىدىغان ھىيلىلەرنىڭ بىرى تالاق مەسىلىسىدىكى «سۇرەيج ھىيلىسى»[2]دۇر.

**تۆتىنچى مەسىلە:** مۇپتى غەزەپلىنىش، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق،

[1] ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاش. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئايالىنى ھاسا بىلەن 100نى ئۇرۇشقا قەسەم قىلغانىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قولۇڭغا بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىڭنى ئۇرغىن، قەسىمىڭنى بۇزمىغىن﴾. [سۈرە ساد]، 44 ـ ئايەت. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىپ، قەسىمىنى ئورۇندىغان.

[2] بۇ شافىئىي ئالىملىرىدىن ئەھمەد ئىبنى سۇرەيجگە مەنسۇپ مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىنىڭ سۈرىتى مۇنداق: ئەر ئايالىغا: «ئەگەر سېنى تالاق قىلسام، سەن ئىلگىرى ئۈچ تالاق قىلىنغان تالاق» دېسە، ئىبنى سۇرەيجنىڭ قارىشىدا ئەرنىڭ تالىقى چۈشىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا چۈشمەيدۇ. ناۋادا ھاكىم ئەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ قاراش بويىچە ھۆكۈم قىلغان تەقدىردىمۇ، مالىكىي مەزھەپتە ئۇنىڭ ھۆكمى شەرئىي قائىدىلەرگە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۈچكە ئىگە ئەمەس. شەرئىي قائىدىلەرنىڭ بىرى شۇكى، شەرت بىلەن جاۋاب بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەگەر شەرت بىلەن جاۋاب بىر ـ بىرىگە ماس كەلمىسە، شەرئەتتە شەرت سانالمايدۇ.

غەم ـ قايغۇ، ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق، مۇگدەك بېسىش، زېرىكىش، بىئارام قىلغۇچى ئىسسىق، ئازابلىغۇچى كېسەللىك، تاھارەتنى قىستاش دېگەندەك كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزىدىغان؛ كۆڭۈلنى پەرىشان قىلىپ، ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئەھۋاللاردا پەتىۋا بەرمەسلىكى لازىم.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا پەتىۋا بېرىپ، توغرا پەتىۋا بېرەلىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالىسا، گەرچە قاراملىق قىلغان بولسىمۇ، دۇرۇس بولىدۇ[1].

**بەشىنچى مەسىلە:** مۇپتى خالىسانە پەتىۋا بەرسە ياخشى. ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىشى پەرزگە ئايلانمىغانلا بولسا، پەتىۋا بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت مالىيەسىدىن تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك مائاش ئالسا بولىدۇ. ئەگەر پەتىۋا بېرىشى پەرزگە ئايلانغان بولسا (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا پەتىۋا بېرىدىغان كىشى بولمىسا)، سەھىھ قاراشتا، مائاش ئېلىشى ھارام بولىدۇ. مۇپتىنىڭ مائاشى تۇرۇپ كىشىلەردىن ھەق ئېلىشى ئەسلا توغرا ئەمەس. سەھىھ قاراشتا، مۇپتىنىڭ مائاشى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھاكىم كىشىلەردىن ھەق يىغسا توغرا بولمىغانغا

[1] ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىمام قازى ھۇسەيننىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرىنىڭ مۇنداق ھەيران قالارلىق بىر ۋەقەلىكنى يېزىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆردۈم: قازى ھۇسەين ئەبۇ ئاسىم ئىبادىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: ئەبۇ ئاسىم ئۇستازى خۇراسان شەيخى ئىمام ئەبۇ تاھىر سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا يېنىدا بار ئىكەن. ئىمام ئەبۇ تاھىر سەكراتتا جان ئالىشىۋاتقاندا، كېپىللىك (يەنى مالنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالسا ياكى بىرەر ئەيىب بايقالسا، سېتىۋالغۇچىنىڭ پۇلىغا كېپىل بولۇش) ھەققىدە سورىلىپتۇ. ئەبۇ تاھىر: «ئەگەر (ساتقۇچى) پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان بولسا، كېپىللىك جائىز بولىدۇ؛ تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسا، توغرا بولمايدۇ؛ چۈنكى كېپىللىك پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىبنى سالاھ «أدب المفتي والمستفتي»، 50 ـ بەت. ئىبنى سالاھ رىۋايەت قىلغان بۇ ۋەقەلىكتىن چىقىدىغان دەلىل شۇكى، مۇپتى توغرا پەتىۋا بېرەلىسە، سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ.

ئوخشاش، مۇپتىمۇ پەتىۋا سورىغۇچىلاردىن ھەق ئالسا بولمايدۇ[1].

ئەسھابلىرىمىزدىن شەيخ ئەبۇ ھاتەم قەزۋىينىي[2] مۇنداق بىر ئامال ئويلاپ تاپقان: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى پەتىۋا سورىغۇچىغا: ‹مېنىڭ ساڭا ئاغزاكى پەتىۋا بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار، ئەمما يازما پەتىۋا بېرىش مەسئۇلىيىتىم يوق› دېسە ۋە خەت يېزىپ بەرگەنلىكىگە ھەق ئالسا بولىدۇ».

سەيمەرىي ۋە خەتىب مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ يۇرت ئەھلىنىڭ پەتىۋا ئىشلىرى بىلەنلا مەشغۇل بولۇشى ئۈچۈن، يۇرت ئەھلى ئۇز

[1] مۇپتىلارنىڭ ھۆكۈم ۋە ئەدەپلىرىنىڭ بىرى شۇكى، تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك مائاشقا ئېرىشىپ، ھەقسىز، خالىسانە پەتىۋا بېرىشتۇر. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەش خىسلەتنى ھازىرلىمىغان كىشىنىڭ ‹پەتىۋا بېرىمەن› دەپ ئالدىغا چىقىشى لايىق ئەمەس». ئىمام ئەھمەد بۇ خىسلەتلەر قاتارىدا مۇپتىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالىشىنى تىلغا ئالغان ۋە: «ئۇنداق بولمىغاندا كىشىلەر ئۇنى چايناپ تۈكۈرىدۇ (يەنى كۆزگە ئىلمايدۇ)» دېگەن. ئىبنى قەييىم: «إعلام الموقعين»، 4 ـ توم، 155 — 157 ـ بەتلەرگە قاراڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇپتىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالىشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، مۇپتى ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالمىسا، كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىن بېگەن ھەربىر لوقمىنىڭ بەدىلىگە كىشىلەر ئۇنىڭ گۆشى ۋە بېزۇر ـ ئابرۇيىنى ھەسسىلەپ يەيدۇ. مۇپتىنىڭ كىشىلەرگە ھاجىتى چۈشمىسە، ئىلمى ۋە پەتىۋاسىنى يۇرگۈزەلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالغان كۈنى ھايات تۇرۇپ ئىلمى ئۆلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنى مۇپتى تەيىنلىگەن مەسئۇللارنىڭ مۇپتىنىڭ ئاجراتقان ۋاقتىغا قاراپ ئايلىق مائاش بەلگىلەپ بېرىشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەر ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

[2] **ئەبۇ ھاتەم قەزۋىينىي (ھ. ؟ — ھ. 440/ م. ؟ — 1048):** تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، نەسەبى ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتىشىدۇ. ئەسلى يۇرتى تەبەرىستاننىڭ ئامۇل دېگەن يېرى. ئۇ باغدادقا كېلىپ، شەيخ ئەبۇ ھاتەم ئىسفىرايىينىيدا ئوقۇپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن فىقھ ۋە باشقا ئىلىملەردە يۇرتىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلانغان. ئۇ شافىئىي مەزھىپى ۋە مەزھەبلەر ئىختىلاپى ئىلمىنى پىششىق ئىگىلىگەن: شافىئىي مەزھىپى، مەزھەبلەر ئىختىلاپى، مۇنازىرە ئىلمى ھەققىدە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. ئەبۇ ھاتەم ھىجرىيە 440 ـ يىلى ۋاپات بولغان. «الحيل» ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر كىتابىدا فىقھ ئىلمىدا كۆزدە تۇتۇلىدىغان ھىيلە ۋە ئۇنىڭ ھارام، مەكرۇھ، مۇباھ قاتارلىق تۈرلىرىنى كونكرېت بايان قىلغان.

يېنىدىن ئۇنىڭغا مائاش بەرسە بولىدۇ».

ھەدىيە قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەبۇ مۇزەپپەر سەمئانىي[1] مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى سوۋغات قوبۇل قىلسا بولىدۇ. لېكىن، ھاكىمنىڭ سوۋغات قوبۇل قىلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى، ھاكىمنىڭ ھۆكمى كەسكىن ھۆكۈمدۇر».

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئۈستىكى بويىچە پەتىۋا بېرىشى ئۈچۈن پارا سۈپىتىدە بېرىلگەن سوۋغات بولسا، ھاكىم ۋە باشقا ھەق ئېلىش جائىز بولمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش مۇپتىنىڭمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشى ھارام بولۇشى كېرەك».

خەتىب مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ئۆزىنى فىقھ ۋە پەتىۋا ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىشكە ئاتىغان كىشىلەرگە ھۈنەر - كەسىپ قىلىشقا ھاجىتى چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە دۆلەت خەزىنىسىدىن مائاش بېرىشى كېرەك».

خەتىب يەنە ئۆز سەنەدى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

---

[1] شەيخ ئەبۇ مۇزەففەر مەنسۇر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلجەببار سەمئانىي (ھ. 426 — ھ. 489/ م. 1035 — 1096): ئەبۇ مۇزەپپەر مەرۋە شەھرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن. دادىسى قازى ئەبۇ مەنسۇر سەمئانىيدا فىقھ ئىلمى ئوقۇپ، ھەنەفىي فىقھىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شافىئىي مەزھىپىگە يۆتكەلگەن. سەمئانىي كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. مەشھۇر ئەسەرلىرى:

1. قواطع الأدلة في أصول الفقه.

2. البرهان في علم الخلاف.

3. منهاج أهل السنة.

4. الانتصار لأصحاب أهل الحديث قاتارلىقلار.

ھاياتىنى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن شەيخ سەمئانىي ھىجرىيە 489 - يىلى مەرۋە شەھرىدە ۋاپات بولغان. تەپسىلىي تەرجىمھالى ئۈچۈن: «وفيات الأعيان»، 3 - توم، 211 - بەت؛ «طبقات الشافعية»، 5 - توم، 335 - بەت؛ «شذرات الذهب» 3 - توم، 393 - بەت؛ «النجوم الزاهرة»، 5 - توم، 160 - بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە ھەربىر كىشىگە يىلىغا 100 دىنار مائاش بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

**ئالتىنچى مەسىلە:** قەسەم ۋە ئىقرار قاتارلىق ئىبىزدىن چىققان گەپكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە، شۇ گەپنى قىلغۇچى بىلەن بىر يۇرتلۇق ياكى شۇ يۇرت ئەھلىنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى شۇ يۇرت ئەھلىگە ئوخشاش دەرىجىدە چۈشىنەلەيدىغان كىشىلەردىن باشقىسىنىڭ پەتىۋا بېرىشى جائىز ئەمەس[1].

**يەتتىنچى مەسىلە:** مەلۇم بىر ئىمامنىڭ مەزھىپىنى كىتابتىن نەقىل قىلىپ پەتىۋا بېرىدىغان كىشى پەقەت ئىشەنچلىك كىتابقىلا تايىنىشى ۋە ئىمامنىڭ مەزھىپى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغان قاراش بويىچە پەتىۋا بېرىشى لازىم. ئەگەر كىتاب ئەسلىدە ئىشەنچلىك، لېكىن مۇپتىنىڭ قولىدىكى نۇسخىسى ئىشەنچلىك نۇسخا بولمىسا، باشقا نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرسۇن. بەزى مەسىلىلەردە مەنە باغلاشسا، ئىشەنچسىز نۇسخىلاردىنمۇ ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ. چۈشۈپ قالغان، ئۆزگەرتىلگەن يەرلەر تەجرىبىلىك، زېرەك كىشىنىڭ كۆزىدىن قاچمايدۇ.

---

[1] تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، يۇرت ئەھلىنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىلمەيدىغان مۇپتىنىڭ خاتا پەتىۋالىرى كۆپ بولىدۇ. بۇ قەسەم ۋە ئىقرار مەسىلىلىرىگىلا خاس بولماستىن، ئۆرپ ـ ئادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بارلىق مەسىلىلەرگە ئورتاقتۇر. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن بېرىلگەن پەتىۋالار ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ئىمام قەرافىي «الإحكام في تمييز الفتاوى عن الأحكام» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ پەتىۋا سورىغۇچى ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇقمۇ، ئەمەسمۇ؛ شۇ سۆزنىڭ ئۆرپلەشكەن مەنىسى بارمۇ، يوقمۇ؛ ئۆرپلەشكەن مەنىسى بولسا، ئىككى شەھەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشاشمۇ؟ دېگەنلەرنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىشى جائىز ئەمەس. بۇ ئىشلارنى بىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. (يۇقىرىقى مەسىلىلەردە) ئىككى يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى پەرقلەنسە، ھۆكۈممۇ پەرقلىنىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن دېمەكچىكى، مۇپتى ئەل ـ يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ پەتىۋانى ئۆزگەرتسە (شۇنى ئەستە چىڭ ساقلاش لازىمكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئۆرپ ـ ئادەتكە باغلانغان پەتىۋالاردۇر. ــ ت)، مەزھەپتىن چىققانمۇ، يېڭىدىن ئىجتىھاد قىلغانمۇ بولمايدۇ. بۇ تۆت مەزھەپ ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن ۋە شەرئىي ھۆكۈملەردە ئاساسلىنىشقا ئىجماﺋ قىلغان «ئۆرپ قائىدىسى»گە ئەمەل قىلغانلىقتۇر.

ئەگەر مەسىلىنى ئىشەنچىسىز نۇسخىدىن باشقا كىتابتا تاپالمىسا، قانداق قىلىدۇ؟

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇپتى ئۆز مەزھىپىدە بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى (مەزھەپتە بايان قىلىنمىغان ئەھۋالدا) شاخلىتىپ چىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولسا ۋە مەزكۇر نۇسخىدىكى مەسىلە مەزھىپىنىڭ ئۇسۇل - قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، مەزكۇر ئىشەنچىسىز نۇسخىدىكى قاراش بويىچە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلىنى ئىمامغا مەنسۇپ قىلماقچى بولسا، ‹ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن› دېمەي، ‹ئىمام شافىئىيدىن نەقىل قىلىنىپتۇ، ئىمام شافىئىيدىن شۇنداق قاراش بارلىقىنى بايقىدىم، ماڭا ئىمام شافىئىينىڭ شۇنداق دېگەنلىكى يەتتى› دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسۇن».

مۇپتى ئەگەر مەسىلىلەرنى شاخلىتىپ چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، مەزكۇر ئىشەنچىسىز نۇسخىدىن پەتىۋا بېرىشى دۇرۇس ئەمەس[1]، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پەقەتلا نەقىل قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭدا تېخى مۇستەقىل پەتىۋا بېرىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن. ئۇ، كىتابتىكى مەسىلىنى پەتىۋا تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئوچۇق ئېيتىپ: «پالانى كىتابتا شۇنداق ئۇچراتتىم» دېسە بولىدۇ.

مېنىڭچە، شافىئىي مەزھىپى بويىچە پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتى نەقىلگە تايانغان ۋاقىتتا، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدىن بىر - ئىككى كىتابقا قاراش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆلىمالار ئارىسىدا خىلمۇخىل قاراشلارنى بىر - بىرىدىن كۆچلەندۈرۈش ۋە بېكىتىشتە كۆپ ئىختىلاپ بار. مۇپتى

[1] ئىشەنچىسىز نۇسخىدىكى قاراشنى ئىمامغا كەسكىن ئىبارە بىلەن مەنسۇپ قىلىشمۇ جائىز ئەمەس.

ئەگەر شافىئىي مەزھىپىگە تەۋە كىشى بولسا، ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپىنى ياكى مەزھەپتىكى كۈچلۈك قاراشنى نەقىل قىلىشى لازىم. ھەر ئىككىلىسىدە ئىختىلاپ بار[1]. مەزھەپتىن ئاز - تولا خەۋىرى بار

[1] ئىجتىھاد قۇۋۋىتى ئۈچكەندىن باشلاپ، ھەر مەزھەپ ئالىملىرى پەتىۋانى تەرتىپكە سېلىشقا، پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەر بىلەن سالاھىيىتى توشمايدىغان پەتىۋا نەقىلچىلىرىنى ئايرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىمام قەرافىي «الفروق» (پەرقلەر) ناملىق كىتابىدا 78 - پەرقتە مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:
**بىرىنچى:** باشقا كىتابلاردا قەيت قىلىنغان قەيتسىز مەسىلىلەر، باشقا كىتابلاردا خاسلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي ھۆكۈملەر بايان قىلىنىدىغان كىچىك ھەجىملىك كىتابلارنى ئوقۇغان تالىپ ئوقۇغان كىتابىنى ھەرقانچە پىششىق يادلىغان، ياخشى چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، مەزكۇر كىتاب بويىچە پەتىۋا بېرىشى ھارامدۇر. بۇ تالىپ ئوقۇغان كىتابىدىكى مەسىلىگە ھەرپمۇھەرپ ئۇدۇل كېلىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ئوقۇغان كىتابىدا مەسىلىنىڭ شەرتلىرى تولۇق بايان قىلىنغانلىقىغا ۋە باشقا كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا موھتاج بولمايدىغانلىقىغا كەسكىن قانائەت قىلغان مەسىلىلەرنىلا كەم - زىيادە قىلماستىن، ئەينەن نەقىل قىلسا بولىدۇ. ئوقۇغان كىتابىدىكى مەسىلىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرسە، كىتابتا بايان قىلىنغان مەسىلىگە بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى شاخلىتىپ چىقارسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىككى مەسىلە ئارىسىدا قىياس قىلىشنى توسىدىغان پەرق بولۇشى ياكى باشقا كىتابلاردا يادلىۋالغان ھۆكۈم بويىچە پەتىۋا بېرىشنى چەكلەيدىغان شەرت ياكى خاسلاشتۇرۇشلار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋا بەرمەسلىكى لازىم.
**ئىككىنچى:** چوڭ ھەجىملىك كىتابلار ۋە شەرھلەرنى ئوقۇپ، مەزھىپىدە ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان؛ مەسىلىلەرنىڭ قەيت ۋە شەرتلىرىنى، خاسلاشتۇرغۇچىلىرىنى بىلگەن؛ ئىمامىنىڭ فىقھىي مەسىلىلەردە تايانغان قائىدە - پىرىنسىپلىرى ۋە دەلىللىرىنى ئۇستازلىرىدىن بىۋاسىتە ئۆگەنگەن بولسىمۇ، يۇختا، ئىنچىكە، تېگىگە يېتىپ ئىدراك قىلىپ بولالمىغان تالىپ پەتىۋا شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا، ئۆزى ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەردە مەزھىپىدىكى مەشھۇر قاراش بويىچە پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. لېكىن، يادلىغان كىتابلىرىدا مەۋجۇت بولمىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسە، يادلىغانلىرىغا ئاساسلىنىپ تەخرىج قىلماسلىقى (ھۆكۈم شاخلىتىپ چىقارماسلىقى) ۋە «بۇ پالانى مەسىلىگە ئوخشايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېمەسلىكى لازىم. چۈنكى، تەخرىج قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ئوخشاشلىرىغا قىياس قىلىش ئىمامىنىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرى، دەلىللىرى، قىياسلىرى، ھۆكۈم چىقىرىشتا ئاساسلانغان تۈپ سەۋەبلىرى ۋە ئۆلارنىڭ شەرئىي مەنپەئەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنى مەنپەئەت زۆرۈرىيەت دائىرىسىگە كىرەمدۇ ياكى ئېھتىياج دائىرىسىگىمۇ؟ ياكى تولۇقلىما دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟ مەزكۇر سەۋەبلەر ھۆكۈمنىڭ مەلۇم بىر تارمىقىدىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سەۋەبمۇ ياكى ھۆكۈمنىڭ ئومۇمىي

كىشى بۇنىڭدا شەك قىلمايدۇ. بەزىدە ئۇن نەچچە مۇئەللىپ مەلۇم بىر مەسىلىدە مەزھەپتىكى كۈچلۈك قاراشقا يات، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ پىكرىگە خىلاپ ھەتتا ئىمام شافىئىينىڭ بىر ياكى بىرنەچچە ئۇچۇق سۆزىگە خىلاپ قاراشنى كەسكىن قوللاپ سېلىشى مۇمكىن.

قولىڭىزدىكى مۇشۇ كىتابتا[1] بۇنىڭ مىساللىرىنى تاپالايسىز. ئاللاھ خالىسا، كىتاب پۈتۈپ چىقسا، باشقا كىتابقا ھاجەت چۈشمەيدۇ. چۈنكى، بۇ كىتاب سىزنى ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپى ھەققىدە ئىشەنچلىك، كەسكىن مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**سەككىزىنچى مەسىلە: ئىلگىرى بىرەر قېتىم پەتىۋا بەرگەن مەسىلە تەكرار سورالسا، ئەگەر مۇپتى «مۇستەقىل مۇجتەھىد»**

---

ئورنىدا ئىشارىغا ئىلىنىدىغان سەۋەبمۇ؟ ياكى مەنپەئەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولغان ئەركىن مەنپەئەت (مەسلەھەتۇل مۇرسەلە يەنى شەرىئەت ئوچۇق ئىنكار قىلمىغان ياكى تەرغىب قىلمىغان پايدىلىق ئىشلار — ت) مۇ؟ ياكى شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن مەنپەئەتمۇ ياكى قىياسۇششەبەھ (مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ھۆكۈم جەھەتتىن بىرنەچچە شەيئىگە ئوخشاپ كېتىشى. مەسىلەن، قۇل ئېلىپ ـ سېتىلىش، ھەدىيە قىلىنىش ۋە مىراس ئالغىلى، مىراس قالدۇرغىلى بولۇش جەھەتتىن ماللارغا ئوخشايدۇ، ساۋاب ۋە گۇناھ يېزىلىش، نىكاھ قاتارلىق جەھەتلەردە ھۆر ئىنسانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر قۇل باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە، ماللارغا قىياس قىلىنىپ قىممىتى تۆلىنەمدۇ ياكى ھۆر ئىنسانغا قىياس قىلىنىپ دىيەت تۆلىنەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە ئوخشاش. — ت) مۇ؟ ياكى دالالەت قىياسىمۇ؟... دېگەندەك ئۇسۇلۇل فىقھقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇجتەھىدلەر نەزەرىدىكى دەرىجىلىرىنى پىششىق بىلگەن كىشىلەرگە خاستۇر.

**ئۈچىنچى:** يۇقىرىقى شەرتلەر بىلەن بىرگە ھارام ۋە ناشايان ئىشلاردىن توسىيالايدىغان دىيانەت ۋە تەقۋادارلىققا ساھىب بولغان ئالىيۇلئىلىم ئۆز مەزھىپىدىن نەقىل قىلىپ ۋە تەخرىج قىلىپ پەتىۋا بەرسە ۋە ئۇنىڭ پەتىۋالىرىغا ئەمەل قىلىنسا بولىدۇ. قەرافىينىڭ «الفروق» (پەرقلەر) ناملىق كىتابىنىڭ 5 ـ توم، 107 ـ بېتىدىن قىسقارتىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ نەقىل قىلىندى. يۇقىرىقىلار ئۆلىمالار مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتمىگەن مۇپتىلاردا تېپىلىشىنى تەلەپ قىلغان شەرتلەردۇر. كۈنىمىزدە ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن پەتىۋا بەرگەندە بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ.

[1] ئىمام نەۋەۋى بۇ يەردە «المجموع شرح المهذب» ناملىق كىتابىنى دېمەكچى. مەزكۇر «پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى» ناملىق كىتاب ئەسلىدە «المجموع شرح المهذب» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

بولۇپ، ئىلگىرى بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ شەرئىي ئاساسلىرى ئېسىدە بولسا ياكى «مەزھەپكە تەۋە مۇجتەھىد» بولۇپ، مەزھەپنىڭ دەلىللىرى ئېسىدە بولسا، قايتا ئىزدىنىپ يۈرمەيلا، پەتىۋا بېرىۋەرسە بولىدۇ. مەسىلىنىڭ جاۋابى ئېسىدە بولۇپ، دەلىلى ئېسىدە بولمىسا ۋە ئىلگىرىكى پەتىۋاسىدىن يانىدىغان بىرەر يېڭى ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدىمۇ قايتا ئىزدىنىپ يۈرمەي، پەتىۋا بېرىۋەرسە بولىدۇ، دېيىلىپتۇ[1]. توغرىسى يېڭىدىن ئىزدىنىپ پەتىۋا بېرىشى لازىم[2]. قازىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق.

ھەر قېتىم تەيەممۇم قىلىشتىن بۇرۇن سۇ ئىزدەش، ھەر قېتىم ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن قىبلە ھەققىدە ئويلىنىش مەسىلىسىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار[3].

قازى ئەبۇ تەييىب[4] «قىبلىگە قاراش بابى»نىڭ ئاخىرىدىكى

---

[1] چۈنكى، مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى ئەسلىدۇر.

[2] چۈنكى، مۇپتىنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىشى جائىز. «الفتوى» ناملىق كىتابىمىزنىڭ 118 ـ بېتىگە قاراڭ.

[3] سۇ تاپالمىغان كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدىشى ۋاجىپ. قايتا تەيەممۇم قىلماقچى بولسا، يەنە قايتا سۇ ئىزدەشنىڭ ۋاجىپ ياكى ئەمەسلىكىدە ئىككى خىل قاراش بار. قىبلىنى بىلەلمىگەن كىشىنىڭمۇ ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن قىبلە ھەققىدە ئىزدىنىشى ۋاجىپ. «ھەر قېتىم ناماز ئوقۇغاندا تەكرار ئىزدىنىشى ۋاجىپمۇ؟» دېگەن مەسىلىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار. ناماز ئوقۇغۇچى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. قىبلىنى بىلەلمىگەن ئەھۋالدا ھەر خىل تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلارغا نىسبەتەن قارىغان تەرىپى قىبلىدۇر. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا بولمايتتى. ئۇنىڭ نامىزى ئادا بولىدۇ. مەزكۇر كىشى قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئايان بولغان تەقدىردىمۇ، نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ (قىبلىنى بىلەلمىگەن ئەھۋالدا قىبلىنى تېپىش ھەققىدە ئىزدەنگەنلىكىنىڭ ئۆزى قىبلىگە قارىغانلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەگەر ئىزدەنمەي، تەپەككۇر قىلمايلا ناماز ئوقۇغان بولسا، قىبلىگە قاراپ ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇ قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ـــ ت).

[4] **قازى ئەبۇتتەييىب (ھ. 348 ـــ ھ. 450/ م. 960 ـــ 1058)**: تولۇق ئىسمى تاھىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر بولۇپ، ئامۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئىبنى خەللىكان ئۇنىڭ تەبەرىستانغا مەنسۇپ قىلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. تەرجىمھالى ئۈچۈن

ئىزاھاتتا مۇنداق دەيدۇ: «تۆرۈك كىشى بىرەر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ پەتىۋا سورىغاندىن كېيىن، شۇ مەسىلىگە قايتا دۇچ كەلسە، سەھىھ قاراشقا ئاساسلانغاندا، تەكرار پەتىۋا سورىشى لازىم. لېكىن، مەزكۇر مەسىلە كۆپ يۈز بېرىدىغان مەسىلە بولۇپ، تەكرار سوراۋېرىش قىيىن بولسا، دەسلەپ سورىغىنى بويىچە ئىش قىلسىمۇ بولىدۇ».

**توققۇزىنچى مەسىلە:** پەتىۋا بەرگەندە «بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بار، ئىككى خىل قاراش بار، ئىككى رىۋايەت بار، بۇ قازىدىن سورايدىغان مەسىلە ئىكەن» دېگەندەك گەپلەر بىلەنلا پەتىۋانى تۈگەتمەسلىك لازىم. چۈنكى، بۇ، يېتەرلىك جاۋاب ئەمەس. پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ مەقسىتى ئەمەل قىلىنىدىغان قاراشنى بىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچلۈك قاراشنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ قويۇشى لازىم[1]. ئەگەر كۈچلۈك قاراشنى بىلمىسە، بىلگەنگە قەدەر سۈكۈت قىلىشى ياكى بىر قىسىم كاتتا ئالىملىرىمىز «قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ئىشنى ئېسىدە يوق قىلىپ سالغان كىشىنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلۇشى مەسىلىسى»دە پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتقانغا ئوخشاش ئۆزىنى تارتىشى لازىم.

---

«وفيات الأعيان» قاتارلىق تەرجىمھال كىتابلىرىغا قاراڭ.

[1] مۇپتى ئەيسىلى جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردە تومتاق جاۋاب بەرمەسلىكى، ئەيسىلى جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەردە ئېھتىياجغا قاراپ ئەيسىلى جاۋاب بېرىشى، ئىككى خىل قاراش بار مەسىلىلەردە كۈچلۈك قاراشنى بايان قىلىپ بېرىشى، سورىغۇچىغا مۇجمەل جاۋاب بەرمەسلىكى، ئۇنداق قىلالمىسا، پەتىۋا بەرمەسلىكى لازىم. شۇنداقلا، ئاۋام - خەلق چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە قىسقا جاۋاب بېرىشى لازىم. قازى ئەبۇلھەسەن ماۋەردىي مۇنداق دەيدۇ: مۇپتى «بولىدۇ، بولمايدۇ، توغرا ياكى خاتا» دېگەندەك قىسقا جاۋابلار بىلەنلا بولدى قىلىشى، كىتاب يېزىش بىلەن پەتىۋا بېرىشنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن تۈزۈتىش، دەلىل بايان قىلىش قاتارلىقلارغا كېتىپ قالماسلىقى لازىم. ئازغا يول قويۇلسا، كۆپىنىمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. (گەپنى تۈزۈتۈپ، دەلىل سۆزلەپ ئولتۇرسا) مۇپتى مۇدەررىسكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر گەپنىڭ دەيدىغان ئورنى بار. قازى ئەبۇ ھامىد ئەلمەرۋەرۇزىي ئىنتايىن قىسقا جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭدىن: جائىز بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ دەپ ئاخىرلىشىدىغان بىرەر پەتىۋا سورالغاندا، ئۇ: «جائىز بولمايدۇ» دەپلا جاۋاب بەرگەن. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي» (مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، 141 - بەتكە قاراڭ.

بەشىنچى بۆلۈم

# پەتىۋانىڭ ئەدەپ – قائىدىلىرى[1]

بۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىدىغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى:** مۇپتى مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىشى، سورالغان ھېچبىر مەسىلىنى مۇجمەل قويماسلىقى لازىم[2]. ئەگەر مۇپتى پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ تىلىنى بىلمىسە، ئىشەنچلىك كىشىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئاغزاكى پەتىۋا بەرسىمۇ؛ خەتەرلىك بولغان تەقدىردىمۇ، يازما پەتىۋا بەرسىمۇ بولىدۇ.

قازى ئەبۇ ھامىد[3] يازما پەتىۋا بېرىشتىن تولىمۇ قاچاتتى.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «سوئالنى مۇپتىنىڭ ئۆزى يېزىشى

[1] پەتىۋانىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەدەپ ـ قائىدىسى ۋە ئەخلاقى بار. مۇپتى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى يەتكۈزىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن شۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى، پەتىۋا ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم. ئىمام نەۋەۋى بۇ ئەدەپ ـ قائىدە ۋە ئەخلاقلارنى سىز كۆرۈۋاتقان شەكىلدە رەتلەپ چىققان.

[2] مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە، ئاغزاكى پەتىۋا بەرسۇن ياكى يازما پەتىۋا بەرسۇن، پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى تۈگۈنى يېشەلەيدىغان، باشقىلاردىن قايتا پەتىۋا سوراشقا موھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشى؛ گاڭگىرىتىپ قويىدىغان مۇجمەل جاۋاب بەرمەسلىكى لازىم.

[3] **قازى ئەبۇ ھامىد** (ھ.؟ — 362/ م. ؟ — 973): تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى بىشر ئىبنى ئامىر ئەلمەرۋەرۇزى ئەششافىئىي بولۇپ، فىقھ، ئەدەبىيات ئىلىملىرىنى تەڭ ئىگىلىگەن، شافىئىي مەزھەپ فىقھىسى ۋە ئۇسۇلۇل فىقھ قانارلىق ساھەلەردە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان تەھدىشى يوق ئالىم. ئىسنەۋىي: «طبقات الشافعية» (شافىئىي مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمىھالى)، 2 ـ توم، 199 ـ بەت.

پەتىۋا بېرىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسىگە يات ئىشتۇر. باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرۇپ، تەھرىرلىگەن بولسا، كېرەك يوق».

شەيخ ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىي[1] ئالدى بىلەن سوئالنى قەغەزگە يېزىۋېلىپ، ئاندىن جاۋابىنى يازاتتى. ئەگەر بىر قەغەزگە بىرنەچچە سوئال يېزىلغان بولسا، جاۋابىنى سوئالنىڭ تەرتىپى بويىچە رەتلىسە ياخشى. تەرتىپكە رىئايە قىلمىسىمۇ كېرەك يوق. بۇ مەسىلە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿**شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنى) بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلار...**﴾ [سۈرە ئال ئىمران، 106 ـ ئايەت][2].

مۇپتى تەپسىلىي جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردە تومتاقلا جاۋاب بەرمەسلىكى لازىم. چۈنكى، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس[3].

---

[1] ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىي (ھ. 393 ــ 452/م. 1003 ــ 1060): تولۇق ئىسمى ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى يۈسۈف ئىبنى ئابدۇللاھ بولۇپ، ئىلىم، ئىبادەت، پەرھىزكارلىق، زاھىتلىق، ئەسەر يېزىش، ئىلمىي پائالىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ تەخەللۇسى جامالۇلئىسلام بولۇپ، ھ. 393 ـ يىلى شىيرازنىڭ پەيرۇزئاباد يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، ئۆز يېزىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن؛ شىيرازغا كىرىپ، ئەبۇ ئابدۇللاھ بەيزاۋى قاتارلىق ئالىملاردىن فىقھ ئىلمى ئۆگەنگەن؛ كېيىن بەسرەگە كىرىپ، شەيخ جەزەرىيدىن قىرائەت ئىلمى ئۆگەنگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن باغدادقا بېرىپ، ئەبۇ ھاتەم قەزۋىينىيدىن ئۇسۇل ئىلمى ئۆگەنگەن». شەيخ ئەبۇ بەكرى شاشىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئىسھاق ئاللاھنىڭ دەۋرداش ئالىملارغا ئەۋەتكەن ھۆججىتىدۇر». شىيرازىي ھ. 452 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، بابۇئەبرەزگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ شافىئىي فىقھىسى ھەققىدە «المهذب»، «التنبيه»، ئۇسۇلۇل فىقھ ھەققىدە «اللمع»، «التبصرة» ۋە ئۇنىڭ شەرھى، فىقھ ئىختىلاپى ھەققىدە چوڭ ھەجىملىك «تذكرة المسؤلين»، «النكت والعيون»، «المعونة في الجدل» ۋە «طبقات الفقهاء» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. تەپسىلىي تەرجىمھالى ئۈچۈن: «وفيات الأعيان»، 1 ـ توم، 9 ـ بەت؛ «البداية والنهاية»، 12 ـ توم، 124 ـ بەت؛ «النجوم الزاهرة»، 5 ـ توم، 115 ـ بەت؛ «العبر»، 3 ـ توم، 283 ـ بەت؛ «معجم المؤلفين»، 1 ـ توم، 69 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قارالسۇن.

[2] ئايەتتە ﴿**بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ**﴾ دېگەندىن كېيىن، ﴿**يۈزى قارايغانلار**﴾نىڭ سۈپىتىنى ئاۋۋال بايان قىلغان. يەنى تەرتىپكە رىئايە قىلىنمىغان.

[3] مۇپتى تەپسىلىي بايان قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەردە تومتاقلا جاۋاب بەرمەسلىكى،

مۇپتى مەسىلىنى ئەتراپلىق سوراپ قەغەزگە يېزىۋالغاندىن كېيىن، جاۋاب بېرىشى ئەۋزەل ھەم بىخەتەر.

مۇپتى پەتىۋا سورىغۇچى دۇچ كەلگەن مەسىلە سورالغان مەسىلىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلسە، شۇ قىسمىنىڭلا جاۋابىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، سورىغۇچىغا: «بۇ جاۋاب مۇنداق ئەھۋالغا خاس» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇشى لازىم. مەسىلىنىڭ ھەممە شەكلىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ھەر قىسمىنىڭ ھۆكمىنى ئايرىم - ئايرىم دەپ بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مالىكىي ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلھەسەن قابىسىي[1] قاتارلىق ئالىملار بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. ئۇلار: «بۇنداق قىلىش كىشىلەرگە گۇناھ - مەسىيەت يوللىرىنى ئۆگەتكەنلىك» دەپ قارىغان[2].

مۇپتى سورالغان سوئال ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات ئالىدىغان كىشى تاپالمىسا (خەت ئارقىلىق پەتىۋا سورالغان، تەپسىلىي مەلۇمات

سورىغۇچىنىڭ مەسىلىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى سورىغانلىقىنى بىلسە، مەسىلىگە تولۇق جاۋاب بېرىشى؛ زۆرۈر بولمىسا، تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرماسلىقى لازىم. چۈنكى، پەتىۋانى ئىمكانقەدەر ئاۋام - خەلق چۈشىنەلەيدىغان، ئىخچام شەكىلدە بېرىش ئەۋزەل.

[1] ئىمام ئەلىي ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى خەلەف مەئافىرىي قەيرەۋانىي (ھ. 324 — 403/ م. 936— 1012): «ئىبنى قابىسىي مالىكىي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئىبنى قابىسىي ھەدىس ئىللەتلىرى ۋە ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ئىلىملىرىنى ياخشى بىلىدىغان؛ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناس، ئۇسۇلۇل فىقھنى پىششىق بىلىدىغان؛ كالامشۇناس، مول - ھوسۇللۇق ئىجادكار ئالىم، تەقۋادار، سالىھ كىشى. ئىبنى فەرھۇن: «الديباج المذهب»، 199 — 201 - بەتلەر؛ ھەجەۋى: «الفكر السامي»، 2 - توم، 122 — 123 - بەت.

[2] بۇنداق قىلىش دەۋاگەرلەر ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلىلەرنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئاچىدۇ ھەمدە بىر مەسىلىنىڭ بىرنەچچە خىل شەكلى ۋە ھۆكۈملىرىنى بىراقلا ئۆگۈنۈۋېلىش تۇرۇۋاك كىشىلەرنى بۇزۇپ قويىدۇ. (بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ بىرنەچچە خىل شەكلى بولۇپ، بەزى شەكىللىرىنىڭ ھۆكمى جائىز، ھالال بولسا، ئاز پەرقلىنىدىغان بەزى شەكىللىرى ھارام ياكى مەكرۇھ بولۇشى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلغاندا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭدىن ھارام ئىشلارغا يول ئېچىشى مۇمكىن. — ت).

ئىگىلەش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋاللاردا ـ ت) مەسىلىنىڭ ھەممە شەكلىنى تەپسىلىي بايان قىلىشى؛ مەسىلىگە ئەتراپلىق، مۇكەممەل جاۋاب بېرىشكە تىرىشىشى لازىم[1].

**ئىككىنچى:** مۇپتى سوئالنىڭ ئورامىدىن چۈشەنگەن، لېكىن خەتتە تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەرگە چېقىلسا بولمايدۇ[2]. بەلكى، قەغەزدىكى مەسىلىگىلا جاۋاب بېرىشى لازىم. خەتتە تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەرگىمۇ جاۋاب بەرمەكچى بولسا: «ئەگەر مۇنداق بولسا، جاۋابى مۇنداق بولىدۇ؛ مۇنداق بولسا، مۇنداق بولىدۇ» دەپ تەپسىلىي ئەسكەرتىشى لازىم. بىر قىسىم ئۆلىمالار **«دېڭىزنىڭ سۈيى پاكلىغۇچى، دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھالال»**[3] دېگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ مۇپتى قەغەزگە يېزىلمىغان، سورالغان سوئالغا مۇناسىۋەتسىز، لېكىن سورىغۇچى ئۈچۈن زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى قوشۇپ قويۇشنى «مۇستەھەپ» دەپ قارىغان.

---

[1] خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 187 — 189 ـ بەتلەر؛ ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي» (مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى)، 135 ـ بەت؛ ئىبنى قەييىم: «إعلام الموقعين»، 4 ـ توم، 187 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[2] پەتىۋا سورىغۇچى قەغەزدە تىلغا ئېلىنمىغان، قەغەزدىكى سوئال بىلەن ئالاقىسىمۇ يوق بىرەر مەسىلىنى ئاغزاكى سورىسا، مۇپتى ئۇنىڭ جاۋابىنى قەغەزدىكى سوئالنىڭ جاۋابىغا قوشۇپ يېزىپ قويسا بولمايدۇ. لېكىن، سوئالنى ئۆز قولى بىلەن ئايرىم يېزىپ، جاۋابىنى يېزىپ قويسا بولىدۇ. بۇ سورىمىغانغا جاۋاب قىلىش ئەمەس. ئۆلىمالار بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ **«دېڭىزنىڭ سۈيى پاكلىغۇچى، دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھالال»** دېگەن ھەدىسىدىن ئالغان. ساھابىلەر دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئېلىشنىڭ ھۆكمىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار سورىمىغان «دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى»گىمۇ جاۋاب بېرىۋەتكەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىز سۈيىنىڭ پاكلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلەر دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان جانلىقنىڭ ھالاللىقىنى ئەلۋەتتە بىلمەسلىكى مۇمكىن دەپ قاراپ، يول كۆرسىتىش ۋە تولۇق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئېلىشنىڭ جائىزلىقىغا قوشۇپ، دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھالاللىقىغىمۇ پەتىۋا بەرگەن.

[3] سەھىھ ھەدىس. «سۈنەن ئەبى داۋۇد»، دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئېلىشنىڭ بابى، 1 ـ توم، 21 ـ بەت، 83 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سۈنەن تىرمىزىي»، پاكلىغۇچى نەرسىلەرنىڭ بابى، 1 ـ توم، 101 ـ بەت، 69 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**ئۈچىنچى:** مۇپتى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشى[1]، سوئاللىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنسۇن، جاۋابىنىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ساۋابى يۇقىرى.

**تۆتىنچى:** خەتنى ياخشى مۇلاھىزە قىلسۇن[2]، بولۇپمۇ ئاخىرىنى ياخشى ئوقۇسۇن. گاھىدا خەتنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئاخىرىدىكى بىر جۈملىگە باغلىق بولۇشى، لېكىن مۇپتى ئۇنىڭغا سەل قاراپ قېلىشى مۇمكىن.

سەيمەرى مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم ئۆلىمالار: «مۇپتى ئاددىي مەسىلىلەرگىمۇ ئادەتلىنىش ئۈچۈن قىيىن مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغانىدەك مۇئامىلە قىلىشى لازىم» دېگەن.

[1] مۇپتى پەتىۋا سورىغۇچىغا سىلىق مۇئامىلە قىلسۇن، سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىسۇن، بولۇپمۇ نامرات كىشىلەرگە ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلسۇن. ئەجرىنى ئاللاھتىن كۈتسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ساۋابى بەك چوڭ. ئىبنى سالاھ بۇ ھەقتە بىر ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى شاھ نىسابۇرىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يەتتى: بىزگە ئۇستاز ئەبۇلقاسىم قۇشەيرىي مۇنداق دەپ بەرگەن: مەن ئەبۇ سەئىد شەھھامنىڭ: شەيخ ئەبۇ تەييىب سەھل سۇئلۇكىينى چۈشۈمدە كۆرۈپ:
— ئى شەيخ! — دېۋىدىم، ئۇ:
— قوي شەيخ - پەيخنى! — دېدى.
— سەن كۆرگەن ئەھۋاللارچۇ؟
— ماڭا ئەسقاتمىدى.
— ئاللاھ ساڭا نېمىلەرنى قىلدى؟
— ئاجىز، قېرى - چۆرىلەر سورىغان پەتىۋالار سەۋەبىدىن ماڭا مەغپىرەت قىلدى.
ئىبنى سالاھ: «مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى»، 1 - توم، 73 - بەت.

[2] مۇپتى ئاۋۋال ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋاجىپلارنىڭ بىرى قەغەزگە يېزىلغان خەتنى ئاخىرىغىچە سۆزمۇسۆز ئوقۇپ، ياخشى مۇلاھىزە قىلىش، بولۇپمۇ خەتنىڭ ئاخىرىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشتۇر. چۈنكى، سوئال خەتنىڭ ئاخىرىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ مۇپتى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن[1] شۇنداق قىلاتتى.

مۇپتى شەكىلداش كەلىمىلەرنى بايقىسا، پەتىۋا سورىغۇچىدىن سوراپ، چېكىت، زىر، زەبەرلىرىنى قويىدۇ؛ مەنىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئىبغىر گىراماتىكىلىق خاتالىق ياكى باشقا خاتالىقلارنى بايقىسا، تۈزىتىدۇ. قۇر ئارىسى ياكى ئاخىرىدا بوش ئورۇن كۆرسە، خەت يېزىۋېتىدۇ ياكى توشقۇزىۋېتىدۇ. چۈنكى، پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىنى قەستلەپ بوش ئورۇنلارغا پەتىۋاسىنى بۇزىدىغان خەتلەرنى يېزىۋېلىشى مۇمكىن. قازى ئەبۇ ھامىد مەرۋەرۇزىي شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەن[2].

بەشىنچى: ئاشكارىلاش ئەيىب بولىدىغان ياكى سورىغۇچى مەخپىي قىلىشنى خالايدىغان ياكى ئاشكارىلاش زىيانلىق سوئال بولمىسىلا[3]، مۇپتى سوئالنى ئەتراپىدىكى ئىلىملىك كىشىلەرگە

---

[1] ئەبۇلفەييياز مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇنتەسىر بەسرىي: قازى ئەبۇ ھامىد مەرۋەزىينىڭ تالىپى. ئۇ بەسرەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بەسرە فىقھشۇناسلىرى ئۇنىڭدىن فىقھ ئىلمى ئۆگەنگەن. سەيمەرىي ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇستازىنىڭ «الجامع» ناملىق كىتابىغا «اللاحق بالجامع» نامىدا تولۇقلىما يازغان. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تەرجىمھالى ئۈچۈن: شىرازىي: «طبقات الفقهاء»، 99 ـ بەت؛ ئىبادىي: «طبقات الفقهاء»، 77 ـ بەت؛ ئىبنى قازى شەھبە: «طبقات»، 1 ـ توم، 15 ـ بەت: «معجم المؤلفين»، 9 ـ توم، 184 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

[2] ئەبۇ ھامىد دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: بىر كىشى ئۆلىنىڭدىن بىر نەپەر قىز، بىر نەپەر ئانا بىر قىز قېرىنداش ۋە بىر نەپەر ئوغۇل نەۋرە ئۆلغان قالدۇرۇپ ۋاپات بولغان كىشىنىڭ مىراسى ھەققىدە پەتىۋا سورىغان. ئەبۇ ھامىد: قىز مىراسىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، قالغان يېرىمى نەۋرە ئۆلغانغا قالىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن. ئەبۇ ھامىدنىڭ پەتىۋاسى توغرا. لېكىن، پەتىۋا سورىغۇچى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، بوش يەرنى كۆرۈپ، «دادا» دېگەن سۆزنى يېزىۋېلىپ، ئەبۇ ھامىدنىڭ نامىنى بۇلغىغان. ئەبۇ ھامىد بۇ سەۋەبتىن سىناقلارغا دۇچ كەلگەن. خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 183 ـ بەت؛ ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي» (مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى)، 1 ـ توم، 74 ـ بەت.

[3] بۇنداق ئەھۋاللاردا مۇپتى ئۆزىلا ئوقۇپ، ئۆزىلا جاۋاب بېرىدۇ.

ئوقۇپ بېرىشى، ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەر ياكى شاگىرتلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، سەلەپلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۆزى بىلەلمەي قالغان تەرەپلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ، سورۇندىكىلەر بىلەن سىلىق - سىپايىلىق ۋە ئىنساب بىلەن مەسلىھەتلىشىشى مۇستەھەپ[1].

**ئالتىنچى:** جاۋابنى روشەن، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھەجىمدە، قۇرنىڭ ئوتتۇرىغا، ئاۋام - خەلق چۈشىنەلەيدىغان، ئەھلى ئىلىملەر كەمسىتمەيدىغان شەكىلدە، توغرا، ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن يېزىشى لازىم.

بەزى ئۆلىمالار ساختىلىقتىن ۋە پوچىركىسىنىڭ ناتونۇش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇپتىنىڭ قەلىمى ۋە خېتىنىڭ بىر خىل بولۇشىنى «مۇستەھەپ» دەپ قارىغان.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ نامىدىن ساختىلىق قىلىش ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دىن ئىشىنى ئۆزى قوغدايدۇ». جاۋابنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن بىرەر خاتالىق ياكى سەۋەنلىك يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، جاۋابنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشى لازىم.

---

[1] مۇپتى ئەتراپىدا ئىلمى ۋە دىيانىتىگە ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىشى، باشقىلارغا مەسلىھەت سېلىشتىن، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، يالغۇز جاۋاب بەرمەسلىكى لازىم. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلارنى «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قىلىدۇ» دەپ ماختىغان. ئاللاھ پەيغەمبىرى ﷺ گە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾. [سۈرە ئال ئىمران]، 159 - ئايەت.

بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن خۇلەفائى راشىدىنلار، بولۇپمۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالاتتى، گاھىدا ساھابىلەرنى توپلاپ مەسلىھەتلىشەتتى. چۈنكى، مەسلىھەتلىشىشتىكى مەقسەت يوشۇرۇن نۇقتىلارنىڭ ئاشكارا بولۇشىدۇر. خەتىب باغدادىي: «(الفقيه والمتفقه)» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - توم، 184 - بېتىدە بۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلغان.

**يەتتىنچى:** يېڭىدىن مۇپتىلىققا قەدەم قويغان كىشى قەدىمدىن ھازىرغىچە جاۋابنى قەغەزنىڭ سول تەرىپىگە يازىدىغان ئادەت داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

سەيمەرىي ۋە باشقا ئالىملار دەيدۇكى: «قەغەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا يازسىمۇ ياكى چۆرىسىگە يازسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بىسمىللاھنىڭ ئۈستىگە خەت يازسا ئەسلا بولمايدۇ».

مۇپتى پەتىۋا بېرىشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىشى لازىم[1]. مەكھۇل[2] ۋە مالىك[3] (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن) نىڭ «لا حول ولا قـو   لا بالـل » (ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ) دېمەستىن پەتىۋا بەرمەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

شەيتاندىن پاناھ تىلەش، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاش، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۇرۇت ئېيتىش مۇستەھەپتۇر.

مۇپتى ﴿ئى رەببىم! دىلىمنى ئېچىۋەتكىن!﴾[4] [سۈرە تاھا، 25

---

[1] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم سەلەپلەر پەتىۋا بەرگەندە: «توغرا بولسا ئاللاھتىن، خاتا بولسا مەندىن» دەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق دېيىش مەكرۇھ. چۈنكى، بۇ سۆز پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ كۆڭلىنى سوغۇتۇپ قويىدۇ، پەتىۋانىڭ توغرىلىقى ھەققىدە قەلبىگە شەك سېلىپ قويىدۇ». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي» (مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى)، 1 ـ توم، 74 ـ بەت.

[2] **مەكھۇل دەمەشقىي:** فەقىھ، شام ئالىمى. سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەن: «مەكھۇلنىڭ دەۋرىدە پەتىۋادا ئۇنىڭدىن ئالىم كىشى يوق ئىدى». ئىبنى سەئد: «الطبقات»، 7 ـ توم، 453 ـ بەت؛ ئەبۇ نۇئەيم: «حلية الأولياء»، 5 ـ توم، 177 ـ بەت.

[3] **مالىك ئىبنى ئەنەس (ھ. 90 —— 179/ م. 709 —— 795):** مەدىنىلىك ئالىم، مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى. ئەبۇ نۇئەيم: «حلية الأولياء»، 6 ـ توم، 616 ـ بەت؛ «تذكرة الحفاظ»، 207 ـ بەت.

[4] مۇپتى ئۆۋەندىكى دۇئالارنى قىلسۇن: ﴿**بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن**﴾ [سۈرە بەقەرە 32 ـ ئايەت]. ﴿**قانداق قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق**﴾، [سۈرە ئەنبىيا 79

ـ ئايەت] دېگەنگە ئوخشاش دۇئالارنى قىلسۇن.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «كۆپىنچە مۇپتىلار پەتىۋالىرىنى ‹جاۋاب ۋە تەۋپىق ئاللاھتىندۇر› دەپلا باشلايدۇ. بەزىلەر ئۇنىمۇ دېمەيدۇ. بىرنەچچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن ئۇزۇن پەتىۋالاردا شۇنداق قىلىپ، قىسقا پەتىۋالاردا تاشلاپ قويغان بولسىمۇ بىر يولى ئىدى»[1].

مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى مۇپتى ئۇنى ھەر ۋاقىت دېيىشى، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ باشلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق ئىش بەرىكەتسىزدۇر»**[2].

«ئەلھەمدۇلىللاھ»نى ئېغىزىدا دېيىشى ۋە قەغەزگىمۇ يېزىشى لازىم. سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى جاۋابنى ‹تەۋپىق ئاللاھتىندۇر، ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچى، ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر› دەپ تاماملاشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

---

ـ ئايەت]. «ئى ئاللاھ! سەن بارچە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن. سېنىڭ مەرھەمىتىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مېنى ئۇنۇتمىغىن، ماڭا ئۇنتۇلدۇرمىغىن. ئەڭ گۈزەل مەدھىيەلەر ساڭا خاستۇر. ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە رەھمەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! مېنى توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغىن، ھىدايەت قىلغىن، توغرا يولغا باشلىغىن، ماڭا ساۋاب ۋە توغرا جاۋابنى ئەڭ بەرگىن. مېنى خاتالىق ۋە مەھرۇملۇقتىن ساقلىغىن، ئامىن». بۇ دۇئالارنى ھەربىر پەتىۋا بەرگەندە ئوقۇپ بولالمىسا، ھەر كۈنى تۇنجى پەتىۋا بەرگەندە ئوقۇسۇن. يۇقىرىقى دۇئالار بىلەن بىرگە سۈرە پاتىھە، ئايەتۇل كۇرسىي قاتارلىق تېزىگە ئاسان بولغان سۈرىلەرنى ئوقۇسۇن. يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان كىشى چوقۇم توغرا پەتىۋا بېرىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

[1] يەنى جاۋابنى ئەڭ بولمىدى دېگەندىمۇ «تەۋپىق ئاللاھتىندۇر، ئاللاھ توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن تاماملاشنى ئەڭ ئەتىمەسلىكى لازىم. مۇئەللىپ بۇنى بىرئاز كېيىن بايان قىلىدۇ.

[2] نەۋەۋى: «سەھىھ مۇسلىم شەرھى»، 1 ـ توم، 43 ـ بەت؛ «المجموع»، 1 ـ توم، 73 ـ بەت.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇپتىنىڭ «بىزنىڭ جاۋابىمىز، بىزنىڭ قارىشىمىز، بىزنىڭ سۆزىمىز، بىز قوللىغان قاراش، مۇنداق قارايمىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشى يامان ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇ شۇنداق دېيىشكە لايىق. پەتىۋا سورىغۇچى سوئالىنىڭ ئاخىرىدا مۇپتىغا دۇئا قىلىشنى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۇرۇت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، مۇپتى ئۆزى يېزىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەت شۇنداق جارى بولۇپ كەلگەن.

مېنىڭچە، جاۋابنى «ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچى» دېگەنلەر بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، ئىسمى، دادىسىنىڭ ئىسمى، قەبىلىسى ياكى يۇرتى، سۈپىتى قاتارلىقلارنى يازسۇن، ئاندىن شافىئىي، ھەنەفىي دېگەندەك مەزھىپىنى يازسۇن. ئەگەر ئىسمى ياكى باشقا ناملار بىلەن مەشھۇر بولسا، شۇنىلا يازسىمۇ بولىدۇ.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئالىملار تاراپ، ئۆچۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھىبىر قەلەم بىلەن يازماي، مىداد قەلەم بىلەن يېزىشنى تاللىغان. مېنىڭچە، ھىبىر بىلەن يېزىش مۇستەھەپ».

مەن (نەۋەۋى) ھېچقايسىسىنى مۇستەھەپ دەپ قارىمايمەن. ئەگەر ئىلىم كىتابلىرى بولسا، ئۇنى ھىبىر بىلەن يېزىش مۇستەھەپ. چۈنكى، ئىلىم كىتابلىرى مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ. ھىبىر بىلەن يازغاندا ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىدۇ[1].

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا سۇلتانغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالسا، «ئاللاھ ھۆكۈمرانىمىزغا ياكى سۇلتانىمىزغا رەھىم قىلسۇن، ئاللاھ ئۇنى ئىسلاھ قىلسۇن، توغرا يولغا باشلىسۇن، ئىرادىسىنى

[1] ھىبىر، مىداد دېگەنلەر قەلەملەرنىڭ تۈرلىرى. شەيخ ئۇسەيمىين مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھازىر «مىداد» نىڭ نېمە كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بىلمەيمىز». شەيخ ئۇسەيمىين: «التعليق على مقدمة المجموع»، 274 ـ بەت، ـ ت.

كۈچلۈك قىلسۇن، ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق (خەلقنى) ئىسلاھ قىلسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسۇن» دېگەندەك دۇئالارنى قىلسۇن. «ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دېمىسۇن. چۈنكى، بۇ، سەلەپلەر قىلغان دۇئا ئەمەس».

مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەبۇ جەئفەر نەههاس قاتارلىق ئالىملار ئۆلىمالارنىڭ: «ئاللاھ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىشىنىڭ مەكرۇھلۇقىغا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. بەزى ئۆلىمالار: «بۇ، زىندىقلارنىڭ سالامى» دېگەن. «سەھىھ مۇسلىم»دا ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە[1] «ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دېگەندەك دۇئالارنى قىلماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار.

**سەككىزىنچى:** سوئاللارغا ئاۋام ـ خەلق چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە قىسقا جاۋاب بەرسۇن.

«الحاوي» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى ‹بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، توغرا ياكى خاتا› دەپ جاۋاب بەرسۇن. ماۋەردىينىڭ ئۇستازى سەيمەرىي ئۇستازى قازى ئەبۇ هامىدنىڭ[2]

---

[1] «سەھىھ مۇسلىم»غا ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈچ ھەدىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار: 1) «كىتابۇلمۇسافىرىن»دىكى «ھەر كۈنى پەرز نامازدىن باشقا ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ جەننەتتە بىر ئۆي سالىدۇ» دېگەن ھەدىس؛ 2) ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازىدار تۇتۇشتىن توسۇش ھەققىدىكى ھەدىس؛ 3) «كىتابۇننىكاھ»تىكى «ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى (ئۇممۇ ھەبىبە)نىڭ قىز قېرىندىشى (غا ئۆيلەنگىن» دېگەن ھەدىس. مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئىككىنچى ھەدىسنى كۆزدە تۇتقاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىس ئۆلۈمگە، پېشانىگە پۈتۈلگەن ئۆلۈم ۋاقتى كەلگەندە ھايات ئۇزۇنلۇقى بولمايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

[2] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «الحاوي»نىڭ مۇئەللىپى ئەبۇلھەسەن ماۋەردىينىڭ: «مۇپتى قىسقا جاۋاب بېرىشى، بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، توغرا ياكى خاتا دېيىلا توختىشى، پەتىۋا بېرىش بىلەن كىتاب يېزىشنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن دەلىل سۆزلەپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى، ئازغا يول قويۇلسا، كۆپىكىمۇ يول ئېچىلىدۇ، مۇپتى مۇدەررىس بولۇپ قالىدۇ. ھەر ئورۇننىڭ ئۆزىگە لايىق سۆزى

ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قىسقا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى؛ «بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟» دەپ ئاياغلاشقان بىر سوئالغا: «بولمايدۇ، تەۋپىق ئاللاھتىندۇر» دەپلا جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

توققۇزىنچى: سەيمەرىي[1] ۋە خەتىب مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھتىنمۇ راستچىل، ناماز بىر ئۆيۈن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان كىشى ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ‹قېنى ھالال، ئۆلتۈرۈلىدۇ› دەپ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىسۇن. ‹ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى ئۇزىنىڭ ئىقرارى ياكى دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، سۇلتان ئالدى بىلەن ئۇنى تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؛ تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ؛ تەۋبە قىلمىسا، مۇنداق، مۇنداق جازا بېرىلىدۇ› دەپ ئەتراپلىق، ۋايىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بەرسۇن».

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «كاپىر بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار سۆزلەرنى قىلغان كىشى ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ‹سۆز ئىگىسىدىن نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى سوراپ، شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز› دەپ جاۋاب بەرسۇن»[2].

ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىش دېگەندەك

بولىدۇ» دېگەنلىكى بىزگە يەتتى. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 76 — 77 ـ بەت. لېكىن «ھەئە ياكى ياق» دەپ جاۋاب بېرىش ئاۋام ـ خەلقنىڭ باشقىغا ماس كەلمەيدۇ. مۇپتىنىڭ مەقسەتنى ئىپادىلەشكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا، قىسقا جاۋاب بېرىشى ياخشى ئىش. ئەمما، مەقسەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە بەك قىسقا قىلىۋېتىشمۇ بولمايدۇ. مۇپتى «ياخشى ئىپادىلىيەلمەيدۇ» دەپ نام ئېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەپسىلىي بايان قىلىشقا سەل قارىماسلىقى لازىم.

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 77 ـ بەتتە سەيمەرىي ۋە خەتىبتىن نەقىل قىلىنغان.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىغا ‹ئى كاپىر› دېسە، ئەگەر دېگىنى راست بولسا، قېرىندىشى كاپىر بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، سۆز ئىگىسىگە قايتىدۇ». ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، 8 ـ توم، 160 ـ بەت.

مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا بېرىشتە ئېھتىيات قىلىشى، قىساس ۋاجىب بولۇشىنىڭ شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر تەزىر جازاسى بېرىلىدىغان ئىش ھەققىدە سورالسا، تەزىر جازاسى بېرىلىدىغان جىنايەتنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «سۇلتان ئۇنى مانچە قامچا ئۇرىدۇ» دېيىشى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلماسلىقى لازىم. بۇ سەيمەرىي، خەتىب[1] قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ[2]: «مۇپتى <شەرتلىرى تېپىلسا، قىساس ئېلىنىدۇ، تەزىر ئۇرۇلىدۇ> دەپ يازغان بولسا، بۇ كەسكىن پەتىۋا بولماي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ‹شەرتلىرى تېپىلسا› دەپ قەيت قىلىشى ھاكىمنى شەرتىنى سوراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇپتى شەرتلىرىنى ئۆزىلا بايان قىلىۋەتكىنى ياخشى».

**ئونىنچى:** ھىيلە ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جاۋاب يازىدىغان ئورۇن ئاز بولسىمۇ، باشقا قەغەزگە يازماسلىقى لازىم. شۇڭا، ئۆلىمالىرىمىز: «پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ خەت قوشۇپ پەتىۋانى ئۆزگەرتىۋالماسلىقى ئۈچۈن، جاۋابنى قۇرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ يېزىش، بوش ئورۇن قالدۇرماسلىق لازىم» دېگەن.

جاۋاب يازىدىغان قەغەز سوئال يېزىلغان قەغەزگە چاپلاش بولسا، جاۋابنى چاپلانغان قەغەزگە يازىدۇ. ناۋادا قەغەزنىڭ ئالدى يۈزىگە جاۋاب پاتماي، ئارقا يۈزىگە يېزىشقا توغرا كەلسە، ئارقا يۈزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن باشلاپ يازىدۇ. جاۋابنى سوئالنىڭ

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 142 ـ بەتتە سەيمەرىي ۋە خەتىبتىن نەقىل قىلغان. مەزكۇر سۆزنى خەتىب «الفقيه والمتفقه» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 190 ـ بېتىدە دېگەن. ئىبنى ھەمەدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 61 ـ بەت.

[2] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 77 ـ بەت.

ئاستىغا ئۇلاپ يېزىپ، پاتمىغان بولسا، جاۋاب ئۇلىشىپ يېزىلىشى ئۈچۈن قەغەزنىڭ ئاستى گىرۋەكلىرىگە يېزىپ پەتىۋانى تاماملايدۇ. بەزى ئالىملار چۈرىسىگە ئەمەس، بەلكى ئارقا يۈزىگە يېزىشنى تاللىغان. سەيمەرىي قاتارلىق ئالىملار تاللىغان قاراش چۈرىسىگە يېزىش ئارقا يۈزىگە يېزىشتىن ئەۋزەل.

سەيمەرىي قاتارلىق ئالىملار: «بۇنىڭدا چوڭ مەسىلە يوق» دەيدۇ[1].

**ئون بىرىنچى: مۇپتى جاۋابىنىڭ پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ كۆتكىنىنىڭ ئەكسىچە چىقىدىغانلىقىنى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ جاۋابنى قەغەزگە يېزىشنى خالىمايدىغانلىقىنى پەملىسە، ئاغزاكى جاۋاب بېرىپلا بولدى قىلسۇن[2].** پەتىۋادا پەتىۋا سورىغۇچى تەرەپكە ياكى ئۇنىڭ رەقىبى تەرەپكە ئېغىپ كېتىشتىن ساقلانسۇن. ئېغىپ كېتىشنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ ھەممىگە ئايان. مەسىلەن، ئېغىپ كېتىش شەكىللىرىنىڭ بىرى جاۋابتا پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ھوقۇقلىرىنى سۆزلەپ، مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچماسلىقتۇر.

---

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 145 ـ بەت؛ ئىبنى ھەمەدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 63 ـ بەت؛ ئىبنى قەييىم: «إعلام الموقعين»، 4 ـ توم، 256 ـ بەت.

[2] ئىبنى سالاھ بۇ ھەقتە بىر ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېيدۇ: ماڭا شەيخ ئەبۇ مۇزەففەر سەمئانىي مەرۋە شەھرىدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەرگەن: مەن ئەبۇسسائادات مۇبارەك ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن قازىكالان ئەبۇ ئابدۇللاھ دامغانىينىڭ يېنىغا سوئال يېزىلغان بىر قەغەزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنى سورىدىم. ئۇ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، جاۋاب يېزىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋاتاتتىم. ئۇ مۇنداق دېدى: مۇپتىنىڭ جاۋابى سورىغۇچىنىڭ ئويىغا ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇيغۇن كەلمىسە، جىم تۇرىدۇ. ئۇستازىمىز ئەبۇلھەسەن قۇدۇرىي بىر كۈنى بىر مەسىلىگە پەتىۋا بەردى. جاۋاب پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پەتىۋا سورىغۇچى: ئى شەيخ! قەغىزىمنى زايە قىلدىڭ، دېدى. ئۇستازىمىز يېنىدىن قەغەز ئېلىپ، ئۇنىڭ قەغىزىنى تۆلەپ بەردى ۋە قەغىزىڭنىڭ تۆلىمىنى ئال! دېدى. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 80 ـ بەت.

مۇپتى دەۋا - دەستۇر ۋە ھەق - تەلەپ مەسىلىلىرىگە پەتىۋا بەرگەندە، پەتىۋاسىنى پەتىۋا سورىغۇچىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يوللارنى ئۇقتۇرۇش بىلەن باشلىماسلىقى لازىم. ناۋادا بىراۋ: «پالانى شىكايەت ياكى ئىسپاتنى قانداق يول بىلەن رەت قىلغىلى بولىدۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، باشقىلارنىڭ ھەققى زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جاۋاب بەرمەسلىكى لازىم.

مۇپتى پەتىۋا سورىغۇچىدىن ئۇستىدىكى شىكايەت ھەققىدە سوئال سورىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى بىلسە، دەلىل - ئىسپات ۋە شىكايەتنى رەت قىلىدىغان ۋە رەت قىلمايدىغان ئامىللارنى بىلىۋالالايدۇ.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى سوئال سورىغۇچىغا پايدىلىق، باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدىغان چىقىش يولىنى بايقىسا، ئەسكەرتىپ قويۇشى لازىم. مەسىلەن، ‹ئايالىمغا بىر ئاي نەپىقە بەرمەيمەن› دەپ قەسەم قىلغان كىشى ھەققىدە پەتىۋا سورالسا: ‹ئايالىغا تويلۇقىدىن خىراجەت قىلىپ بەرسۇن ياكى قەرز بېرىپ ياكى سېتىپ بېرىپ تۇرۇپ، كېيىن ئۈتۈۋەتسۇن› دەپ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ».

ھېكايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى ئەبۇ ھەنىفەگە: «مەن: رامىزاننىڭ كۈندۈزى ئايالىم بىلەن جىما قىلىمەن، كەففارەتمۇ بەرمەيمەن، قەسىمىمنىمۇ بۇزمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ سالدىم» دەپتۇ. ئەبۇ ھەنىفە: «ئايالىڭ بىلەن سەپەر قىل» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ[1].

**ئون ئىككىنچى:** سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى ئاۋام

[1] يەنى ئايالى بىلەن سەپەر قىلىپ، سەپەردە جىما قىلسا، قەسىمى يېشىلىدۇ، قەسىمىمۇ ئورۇندىلغان بولىدۇ. چۈنكى، سەپەردە روزا تۇتماسلىق رۇخسەت.

- خەلقنى گۇناھ - مەسىيەتتىن توسۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇدۇل مەنىسىگە قاراپلا ئىش كۆرىدىغان، ئەمما ئايرىم تەپسىرى بار چىك پەتىۋالارنى بەرسە بولىدۇ»[1].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاتىلنىڭ تەۋبىسى ھەققىدە پەتىۋا سورالغاندا: «قاتىلغا تەۋبە يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يەنە بىر كىشى كېلىپ، مۇشۇ سوئالنىڭ ئۆزىنى سورىسا: «تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە: «بىرىنچى كىشىنىڭ كۆزىدە قاننى كۆردۇم. شۇڭا، ئۇنىڭغا: (تەۋبە يوق) دەپ جاۋاب بەردىم. ئىككىنچى كىشى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا كەلگەن ئىكەن، ئۇنى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلەندۈرۈشنى خالىمىدىم» دەيدۇ[2].

---

[1] چىك پەتىۋا بېرىش — ئاسان، يەڭگىل پەتىۋا بېرىشنىڭ قارشىسىدۇر. نورمالدا مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە، چىك ۋە قاتتىقلىقنى ئەمەس، ئاسانلىقنى ئاللىشى لازىم. لېكىن، بەزىدە چىك قاراش بىلەن پەتىۋا بېرىش پايدىلىق بولۇپ قالسا، چىك قاراشنى ئاللىسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئالىملار مۇپتى گۇناھ - مەسىيەتكە سەل قارايدىغان، گۇناھ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان كىشىگە سىياسەت يۈزىسىدىن چىك پەتىۋا بەرسە: ئۇزرى ۋە باشقىلارغا چىك يول تۇتۇۋالغان كىشىنى ئوتتۇراھال يولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن دەلىللەرگە ئۇيغۇن ھالدا ئاسان، يەڭگىل قاراشلار بىلەن پەتىۋا بەرسە بولىدۇ دەپ قارىغان». ئىمام نەۋەۋى: «المجموع»، 1 - توم، 46 - ، 50 - بەت.

[2] ئىبنى ئەبى شەيبە «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا سەئد ئىبنى ئۇبەيدەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى مەقبۇلمۇ؟» دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس:
— ياق! ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ، — دېدى. ئۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن ئىبنى ئابباسنىڭ ھەمراھلىرى:
— بۇگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى؟ سەن بىزگە بۇنداق پەتىۋا بەرمەيتتىڭغۇ! — دېيىشتى. ئىبنى ئابباس:
— مەن ئۇنى غەزەپى تاشقان، بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشنى ئويلاۋاتقان بىرى دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېدى. سەئد مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم ئەۋەتتى، بارغانلار ئىبنى ئابباسنىڭ گۇمانىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردى». ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى «التلخيص الحبير» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - توم، 454 - بېتىدە

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر كىشى: «قۇلۇمنى ئۆلتۈرسەم، مەندىن قىساس ئېلىنامدۇ؟» دەپ سورىسا، «ھەئە، قۇلۇڭنى ئۆلتۈرسەڭ، سېنىمۇ ئۆلتۈرىمىز، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹**قۇلىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى ئۆلتۈرىمىز**› دېگەن[1]» دەپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈشنىڭ مەنىلىرى كۆپ. «ساھابىنى تىللىغان كىشى ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟» دەپ سورالسا، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹**ساھابىلىرىمنى تىللىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار**› دېگەن[2]» دەپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ. يۇقىرىقىلار ئاۋام - خەلقنى، دىيانىتى ۋە ئادەمگەرچىلىكى تۆۋەن كىشىلەرنى گۇناھتىن چەكلەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان جاۋابلاردۇر.

**ئون ئۈچىنچى:** مۇپتىنىڭ يېنىدا سوئال قەغەزلىرى يىغىلىپ قالغان بولسا، قازى دەۋالارنى تەرتىپ بويىچە سورىغانغا ئوخشاش رەت - تەرتىپى بويىچە جاۋاب بېرىشى لازىم. ئەگەر قەغەزلەر بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن بولسا ياكى رەت - تەرتىپىنى بىلەلمىسە، چەك تارتىش ئارقىلىق پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. توغرىسى، ئايال كىشى ۋە ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدىغان مۇساپىر دېگەندەك كىشىلەرگە ئاۋۋال پەتىۋا بېرىۋېتىپ، ئاندىن رەت - تەرتىپ بويىچە ياكى چەك تارتىپ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ.

---

مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋەقەنىڭ راۋىلىرى ئىشەنچلىك».

[1] بۇ ھەدىسنى «تۆت سۈنەن ساھىبلىرى» ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. تىرمىزىي: «غەرىب ھەدىس» دېگەن. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەسەن بەسرىي سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ھەسەننىڭ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس ئاڭلىغانلىقى ھەققىدىكى دەتالاش مەشھۇر. ئىمام بۇخارىي: «ئەلىي ئىبنى مەدىينىي: ھەسەننىڭ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس ئاڭلىغانلىقى ئىشەنچلىك دېگەن» دەيدۇ. ئىمام بۇخارىي ھەسەننىڭ **«قۇلىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى ئۆلتۈرىمىز»** دېگەن ھەدىسىنى قوبۇل قىلغان. «**التعليق على كتاب المجموع**»قا قاراڭ.

[2] ئىبنى قەييىم جەۋزىييە: «**أحكام أهل الذمة**»، 3 - توم، 1455 - بەت.

ئەمما، مۇساپىرلار ۋە ئاياللار ئاۋۋال پەتىۋا بېرىلسە باشقىلار ئىخىر زىيانغا ئۇچرايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولسا، بۇ ۋاقىتتا رەت - تەرتىپ بويىچە ياكى چەك تارتىش ئارقىلىق پەتىۋا بېرىشى لازىم.

**ئون تۆتىنچى:** سەيمەرىي ۋە ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مىراس ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ۋارىسلار ئىچىدە قۇل، كاپىر، (مىراس قالدۇرغۇچىسىنى ئۆلتۈرگەن) قاتىل قاتارلىق مىراس ئېلىشتىن چەكلەنگەنلەر بارمۇ - يوق؟ دېگەنلەرنى سوراپ يۈرىدىغان ئادەت يوق. بەلكى، سوئالدا دېيىلمىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، قېرىنداش، تاغا ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدە جاۋاب بەرگەندە: قان - قېرىنداش (بىر ئانا، بىر دادىدىن تۇغۇلغان بىر تۇغقانلار)، قانداش (دادا بىر، ئانا باشقا بىر تۇغقانلار) ۋە قېرىنداش (ئانا بىر، دادا باشقا بىر تۇغقانلار) دېگەنلەرنى ئايرىپ، ئېنىق ئەسكەرتىشى لازىم».

ئايالى، ئاتا - ئانىسى ۋە ئىككى قىزى مىراس ئالىدىغان «مۇنبەرىيە مەسىلىسى»[1]گە ئوخشاش «ئاشۇرما مەسىلىلەر»[2]

---

[1] بۇ مەسىلىنى بۇنداق شەكىللىرى بىلەن بىلىش ئۈچۈن ئىمام نەۋەۋىينىڭ «المجموع» ناملىق كىتابىنىڭ مىراس بابى، 3 - توم، 15 - بەتكە قاراڭ.

[2] ئاشۇرما مەسىلە (مسألة العول) — مىراس تەقسىماتىدا مال - مۈلۈك ئەسلىدە مەلۇم بىر ساندىن بۆلۈنۈشكە تېگىشلىك، لېكىن بۆلۈنگۈچى سان مىراسخورلار ئىچىدىكى پەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۈلۈشىگە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاشۇرۇلۇپ تەقسىم قىلىنىدىغان مەسىلە. مەسىلەن، مەتىندىكى «مۇنبەرىيە مەسىلىسى»دە ئايالى بولغان مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى، ئانىسى ئالتىدىن بىرىنى، ئانىسى ئالتىدىن بىرىنى، ئىككى قىزى ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالاتتى. مال - مۈلۈك 24 كە بۆلۈنۈپ، ئايالى 24 نىڭ سەككىزدىن بىرى بولغان ئۈچ ئۈلۈشنى، ئانىسى تۆت ئۈلۈشنى، ئانىسى تۆت ئۈلۈشنى، ئىككى قىز 16 ئۈلۈشنى ئالاتتى. مەسىلىنىڭ يىلتىزى 24، ئۈلۈشلەرنى قوشساق، 27 چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مىراسنى 27 گە بۆلۈپ، ئايالغا 24 نىڭ سەككىزدىن بىرى بولغان 3 ئۈلۈشنى، ئانىغا 4 ئۈلۈشنى، ئانىغا 4 ئۈلۈشنى، ئىككى قىزغا 16 ئۈلۈشنى بېرىمىز. يەنى بۇ مەسىلىدە ئەسلىدە 24 كە بۆلۈنىدىغان مال - مۈلۈك يىگىرمە 27 گە بۆلۈنۈپ تەقسىم قىلىنىدۇ. مىراسخورلار مەسىلىنىڭ ئەسلى مەخرىجى بولغان 24 تىن ئالىدىغان ئۈلۈشنى ئالىدۇ. بۇ مەسىلە مىراس ئىلمىدە «ئاشۇرما مەسىلە (مسألة العول)» دەپ ئاتىلىدۇ. — ت.

ھەققىدە پەتىۋا سورالسا: «ئايالى توققۇزدىن بىرىنى ئەمەس، بەلكى سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ» دېمىسۇن. چۈنكى، سەلەپلەردىن ھېچبىرى بۇنداق دېمىگەن. بەلكى، «ئايالى ئاشۇرۇلغان سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يىگىرمە يەتتە ئۈلۈشىنىڭ ئۈچى» دېسۇن ياكى «ئايالى يىگىرمە يەتتە ئۈلۈشىنىڭ ئۈچىنى ئالىدۇ» دەپلا پەتىۋا بەرسۇن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك «ئايالى ئالىدىغان سەككىزدىن بىرى توققۇزدىن بىرىگە ئۆزگىرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر خەتتە تىلغا ئېلىنغانلار ئىچىدە مىراس ئالالمايدىغانلار بولسا، «پالانى مىراس ئالالمايدۇ» دەپ ئېنىق ئەسكەرتىشى؛ ئەگەر بەزى ئەھۋالدا مىراس ئېلىپ، بەزىدە ئالالمايدىغان كىشى بولسا، «قەتئىي مىراس ئالالمايدىكەن» دەپ چۈشىنىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، «بۇنداق ئەھۋاللاردا ئالالمايدۇ» دەپ ئېنىق دېيىشى لازىم.

ئوغۇل ـ قىزلار، ئەر ۋە ئايال تۇغقانلارنىڭ مىراسى ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، **«بىر ئەر ئىككى ئايالنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ»** دېمەسلىكى لازىم. چۈنكى، ئاۋام ـ خەلق بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مىراسنى مانچىگە بۆلۈپ، ھەربىر ئەر مانچە ئۈلۈشنى، ھەربىر ئايال مانچە ئۈلۈشنى ئالىدۇ» دېيىشى كېرەك.

شەيخ (ئىبنى سالاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ﴿**بىر ئەر ئىككى ئايالنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ**﴾ دېگەن. بىزنىڭ قۇرئاننىڭ لەپزىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ئۇدۇل مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك».

مۇپتى «مۇناسەخات مەسىلىلىرى»گە[1] جاۋاب بەرگەندە ناھايىتى

[1] مۇناسەخات: بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مىراسخورنىڭ مىراس تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشى. ـــ ت.

ئىھتىيات قىلىشى، سەگەك بولۇشى، «(مۇناسەخات مەسىلىسىدە) مىراسخور دادىسىدىن مانچىلىك مىراس ئالىدۇ، قېرىندىشىدىن مانچىلىك مىراس ئالىدۇ» دەپ ئېنىق دېيىشى لازىم.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم ئۆلىمالار پالانى مانچە ئۆلۈش مىراس ئالىدۇ؛ دادىسىدىن ئالىدىغان مىراسى مۇنداق، ئانىسىدىن ئالىدىغىنى مۇنداق، قېرىندىشىدىن ئالىدىغىنى مۇنداق دېيىشنى تاللىغان، لېكىن بۇنىڭدا چوڭ مەسىلە يوق».

سەيمەرىي ۋە باشقا ئالىملار: «مىراس ـ قەرز، ۋەسىيەت قاتارلىق ئاۋۋال ئادا قىلىش ۋاجىپ بولغان ھەقلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدۇ، دېسە ياخشى» دەپ قارايدۇ[1].

ئون بەشىنچى: خەتىب قاتارلىق ئالىملار: «مۇپتى قەغەزدە باشقا مۇپتىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پەتىۋاسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پەتىۋاسىنى كۆرسە، خەتنىڭ ئاستىغا: ‹بۇ توغرا جاۋاب، بۇ پەتىۋاغا قوشۇلىمەن ياكى مېنىڭ جاۋابىممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش› دەپ يازسا بولىدۇ. ئەگەر خالىسا، سوئالنىڭ جاۋابىنى قەغەزدىكى جاۋابتىن ئىخچامراق ئىبارىلەر بىلەن يازسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى قەغەزدە پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى توشمايدىغان كىشىنىڭ پەتىۋاسىنى كۆرسە[2]، ئۇنىڭ

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 78 ـ بەتتە سەيمەرىيدىن نەقىل قىلىنغان.

[2] يەنى كەسكىن دەلىللەرگە ياكى مۇپتىنىڭ مەزھىپىگە خىلاپ پەتىۋانى كۆرسە، پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پەتىۋاسى باشقىلار ئەيىبە بەرمىگەن بىر خاتالىققا ئەيىبە بەرگەنگە ئوخشايدۇ. بەلكى، ئۇ مەۋجۇت پەتىۋاغا ئىناۋەتسىزلىك ئالمىغىسى بېسىشى، خاتا پەتىۋانىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ توغرا پەتىۋاسىنى يېزىشى لازىم. ئەگەر خاتا پەتىۋا بەرگۈچى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان كىشى بولسا، قەغەز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن پەتىۋانى ئىگىسىگە قايتۇرسا ياخشى. ئەمما، قەغەزدە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان كىشىنىڭ كەسكىن خاتا دېيەلمەيدىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ قارىشىغا خىلاپ پەتىۋاسىنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ

بىلەن بىرگە پەتىۋا بەرسە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەتىۋا بەرگەنلىك خاتا ئىشنى تەستىقلىغانلىقتۇر. قەغەز ئىگىسى رۇخسەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىناۋەتسىزلىك تامغىسى ئۇرۇۋەتسە بولىۋېرىدۇ. لېكىن، ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز قەغەزنى ئېلىپ قالسا بولمايدۇ. ئۇنىڭغا كايىسا، سىلكىشلىسە، قىلغان ئىشىنىڭ خاتالىقىنى، پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرنى ئىزدىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويسا بولىدۇ.

ئەگەر قەغەزدە تونۇمايدىغان مۇپتىنىڭ ئىسمىنى كۆرسە، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورايدۇ. تونۇمىسا، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەتىۋا بېرىشنى رەت قىلسا بولىدۇ». بەزى ئۆلىمالار: «بۇنداق ھالەتتە پەتىۋاسىنى قەغەزنىڭ ئارقا يۈزىگە يازسا بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەڭ ياخشىسى، بۇنداق ھالەتتە سوئال سورىغۇچىنى باشقا قەغەز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇش؛ رەت قىلسا، ئاغزاكى پەتىۋا بېرىشتۇر.

ئەبۇ ئەمر (ئىبنى سالاھ)[1] مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشمايدىغان كىشىنىڭ خاتا دېگىلى بولمايدىغان پەتىۋاسىغا خاتا بەلگىسى قويۇۋەتسە بىرەر پىتنە يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەتىۋا بېرىشنى رەت قىلسا بولىدۇ. ئەگەر لاياقەتسىز كىشى يۈز ـ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇپتىلىق مەنسىپىنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، پەتىۋالىرى لاياقەتلىك مۇپتى ئۇنىڭ

---

پەتىۋاسىنى يېزىش بىلەنلا بولىدى قىلسۇن. باشقىلارنىڭ پەتىۋاسىنى خاتا دەيدىغان ياكى ئېتىراز بىلدۈرىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 80 ـ بەتتە بۇلارغا ئىشارەت قىلغان.

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 79 ـ بەت.

بىلەن بىر قەغەزدە پەتىۋا بېرىشنى رەت قىلسا ۋە بۇ ئەھۋال پەتىۋا سورىغۇچىلار زىيان تارتىدىغان دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەتىۋا بەرسۇن. چۈنكى، بۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنى يەڭگىلراق. ئاندىن پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئۆزى تونۇمايدىغان كىشىدىن پەتىۋا سوراپ خاتا قىلغانلىقىنى سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن بىلدۈرۈپ قويسۇن»[1].

ئەگەر مۇپتى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىنىڭ كەسكىن دەلىللەرگە زىت ياكى مەزھىپىگە خىلاپ پەتىۋاسىنى بايقىسا، مەزكۇر پەتىۋانىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدىغان باشقا كىشى بولمىسا، پەتىۋانىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەيلا پەتىۋا بېرىشنى رەت قىلسا بولمايدۇ. مۇمكىن بولسا، مەزكۇر پەتىۋاغا ئىناۋەتسىزلىك تامغىسى ئۇرۇۋېتىپ، يېنىغا توغرا پەتىۋانى يېزىپ قويۇشى ياكى قەغەز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قەغەزنى يىرتىۋېتىشى لازىم.

ئەگەر خاتا پەتىۋا بەرگۈچى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشى بولسا، ئەڭ ياخشىسى پەتىۋانى قەغەز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش لازىم. ئەمما، قەغەزدە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قارىشى بىلەن پەرقلىق پەتىۋاسىنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ پەتىۋاسىنىلا يازسۇن، باشقىلارنىڭ پەتىۋاسىنى خاتا دەيدىغان، ئېتىراز بىلدۈرىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن[2].

---

[1] ئەگەر جاۋابى پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ كۆڭلىنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ جاۋابنى قەغەزگە يېزىشقا رازى بولمايدىغانلىقى ئايان بولسا، ئاغزاكى جاۋاب بېرىش بىلەن كۇپايىلەنسۇن.

[2] ئىبنى سالاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىرگە يېتىپ كېلىشىچە، ھىجرىيە 429 ـ يىلى خەلىپىلەرنى كونترول قىلىۋالغان جالالۇددەۋلە ئەخەللۇسلۇق دەيلەم پادىشاھلىرىدىن بىرى «شاھەنشاھ» نامىنى قوشۇپ قوللانغان ۋە باغداد مۇنبەرلىرىدە ئۇنىڭ نامىغا مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن خۇتبە ئوقۇلغان ۋاقىتتا، باغداد فىقھشۇناسلىرىدىن بۇ ھەقتە پەتىۋا سورالغان. قازى ئەبۇ تەييىب تەبەرىي، ئەبۇلقاسىم كەرخىي، ئىبنى بەيزاۋىي،

«الحاوی»نىڭ مۇئەللىپى[1] مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ پەتىۋا بەرگەندە باشقىلارنىڭ پەتىۋاسىغا رەددىيە بېرىشى، جاۋابىنى خاتا دېيىشى توغرا ئەمەس. ‹قوشۇلىمەن ياكى قوشۇلمايمەن› دېسىلا كۇپايە»[2].

قازى ئەبۇ ئابدۇللاھ سەيمەرى ھەنەفى، ئەبۇ مۇھەممەد ئەتتەمىمى ھەنبەلى قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ كاتتا ئىماملىرى بۇنىڭ جائىزلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. قازى ئەبۇلھەسەن ماۋەردى بۇ ھەقتە ھېچنېمە دەپ پەتىۋا بەرمىگەن. خەلىپىنىڭ كاتىپى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە مەخسۇس خەت يېزىپ پەتىۋا سورىغاندا، ماۋەردى مەزكۇر نام بىلەن ئاتاشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە پەتىۋا بەرگەن. ئۇ بۇ نام بىلەن ئاتاشنى «ھارام» دەپ پەتىۋا بېرىپ توغرا قىلغان: باشقا ئالىملار بۇنىڭغا ‹جائىز› دەپ پەتىۋا بېرىپ خاتالاشقان. يۇقىرىقى ئالىملار ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، رەددىيە بېرىشكە ئۆرۈنغان. بولۇپمۇ قازى ئەبۇ تەييىب ۋە ئەبۇ ئابدۇللاھ سەيمەرى ئېغىر ھاقارەتلەرنى قىلغان. ماۋەردى ئۇلارغا تەپسىلى جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە بىرنەچچە نۇقتىدا خاتالاشقانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شۇ نۇقتىلارنىڭ بىرى: مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە باشقىلارنىڭ پەتىۋاسىغا قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ قارىشىنى بايان قىلىشى، ئەمما باشقىلارنىڭ پەتىۋاسىنى خاتا دەيدىغان ياكى رەددىيە بېرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم. شافىئى مەزھىپىدىكى مۇپتىلار بىر قىسىم مەسىلىلەردە ھەنەفى ئۆلىمالىرىغا خىلاپ پەتىۋا بېرىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار (پەتىۋا بەرگەندە) بىر ـ بىرگە رەددىيە بەرسە بولمايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 80 — 81 ـ بەتلەر.

[1] «الحاوي»نىڭ مۇئەللىپى — ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىب بولۇپ، «ماۋەردى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. «ماۋەردى» ماۋەرد (گۈل سۈيى) سېتىشقا مەنسۇپ ئىسىمدۇر. ئەبۇلھەسەن قازى شافىئى مەزھىپىدىكى يۇز ـ ئابرۇيلۇق مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ بىرى. خەتىب باغدادى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىشەنچلىك، مۆتىۋەر شافىئى فىقھشۇناسلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ بەسرەدە ئەبۇلقاسىم سەيمەرىيدىن، باغدادتا شەيخ ئەبۇ ھامىد ئىسفەرايىينىيدىن فىقھ ئىلمى ئۆگەنگەن. باغدادتا ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان. سۇلتان ئالدىدا ئىناۋىتى يۇقىرى، يۈز ـ ئابرۇيلۇق كاتتا ئالىم كىشى. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «الحاوي»، «الأحكام السلطانية» قاتارلىقلار. ماۋەردى ھىجرىيە 450 ـ يىلى 86 يېشىدا ۋاپات بولغان. «وفيات الأعيان»، 2 ـ توم، 444 ـ بەت؛ شىرازى: «طبقات الفقهاء»، 110 ـ بەت؛ «تاريخ بغداد»، 12 ـ توم، 102 ـ بەت؛ «النجوم الزاهرة»، 5 ـ توم، 64 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[2] شافىئى مۇپتى ھەنەفى مۇپتىغا خىلاپ پەتىۋا بەرسە بولىدۇ، لېكىن نەس (ئايەت، ھەدىس) ياكى ئىجماغ بولمىغان ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىگە رەددىيە

**ئون ئالتىنچى:** سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى سوئالنى ئەسلا چۈشەنمىسە، پەتىۋا سورىغۇچى ھازىر بولمىغان ئەھۋالدا ‹سوئالىڭىزنى تەپسىلىيراق يېزىڭ، شۇ چاغدا جاۋاب بېرەي› ياكى ‹جاۋاب بېرەي دېسەم، سوئالىڭىزنى چۈشەنمىدىم› دەپ يازسا بولىدۇ». بەزى ئۆلىمالار: «ھېچ نەرسە يازمايدۇ» دەيدۇ.

مەن بەزى ئۆلىمالارنىڭ: «سوئال سورىغۇچى ئۆزى كەلسۇن، سوئالنى ئاغزىدىن ئاڭلايلى» دەپ يازغانلىقىنى كۆردۈم[1].

خەتىب مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ مۇپتى بولسا، شۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتسۇن؛ باشقا مۇپتى بولمىسا، سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلگەنگە قەدەر جاۋاب بەرمىسۇن».

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى قەغەزدىكى سوئاللارنىڭ بەزىسىنى چۈشىنىپ بەزىسىنى چۈشەنمىسە ياكى ھەممىسىنى چۈشىنىپتۇ ـ يۇ، بەزىسىگە جاۋاب بەرگۈسى كەلمىسە ياكى بەزى سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىش، كىتاب كۆرۈشكە موھتاج بولسا، جاۋاب بەرگۈسى بارغا جاۋاب بېرىپ: ‹قالغان سوئاللارنى ئويلىنىۋاتىمىز، ئىزدىنىۋاتىمىز ياكى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىشكە موھتاجمىز› دەپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ»[2].

---

بەرسە بولمايدۇ. چۈنكى، مەزھەپلەر مۇقىملىشىپ بولدى. شۇ مەزھەپلەرگە ئەگىشىش ۋە ئۇلارنىڭ تەقەززاسى بويىچە پەتىۋا بېرىش ۋاجىب.

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 81 ـ بەت.

[2] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى سوئالنى مەلۇم بىر شەكىلدە چۈشىنىپتۇ، لېكىن باشقا ئېھتىماللىقمۇ تورۇن بولسا، ئۇنى جاۋابنىڭ بېشىدىلا ئەسكەرتىشى ۋە: ‹ئەگەر مەسىلە بۇنداق شەكىلدە بولسا، جاۋابى مۇنداق بولىدۇ؛ مۇنداق شەكىلدە بولسا، مۇنداق بولىدۇ› دەپ ئېنىق ئەسكەرتىپ بولغاندىن كېيىن، مەسىلىنىڭ ئۆزى چۈشەنگەن شەكلىنىڭ ھۆكمىنى يېزىشى لازىم. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 81 ـــ 82 ـ بەت.

**ئون يەتتىنچى:** مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىدا قىسقا، مەنىسى ئوچۇق ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل سۈپىتىدە بايان قىلىشى خاتا ئىش ئەمەس.

سەيمەري مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى فىقھىي مەلۇماتى بار كىشىگە پەتىۋا بەرگەندە، پەتىۋانىڭ دەلىللىرىنى سۆزلىسە بولىدۇ؛ تۇرۇككە پەتىۋا بەرگەندە، دەلىل سۆزلىسە بولمايدۇ. مەسىلەن، ۋەلىسىز نىكاھ ھەققىدە پەتىۋا سورالسا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«**ۋەلىسىز نىكاھ بولمايدۇ**»[1] دېگەن> دېسە؛ جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن تالاق قىلىنغان ئايالغا قايتىۋېلىش ھەققىدە پەتىۋا سورالسا: «قايتىۋالسا بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿**ئەگەر ئەرلىرى يارىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارغا قايتىشقا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر**﴾[2] دېگەن» دېسە بولىدۇ.

پەتىۋادا ئىجتىھاد ئۇسۇلى، قىياسنىڭ سەۋەبى، يەكۈن جەريانى قاتارلىقلارنى كونكرېت سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەت يوق. لېكىن، پەتىۋا قازىنىڭ ھۆكمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىجتىھاد ئۇسۇلىغا ئىما قىلىپ قويسا، مۇھىم نۇقتىلارنى[3] چۈشەندۈرۈپ قويسا بولىدۇ. شۇنداقلا، باشقىلار خاتا پەتىۋا بەرگەن بولسا، خاتالاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلسا بولىدۇ. مۇجمەل مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرگەندىمۇ، دەلىلىنى بايان قىلسا بولىدۇ».

«الحاوى»نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى مۇتلەق دەلىل سۆزلىمەيدۇ. چۈنكى، كىتاب يېزىش بىلەن پەتىۋا بېرىش ئارىسىدا پەرق بار. ناۋادا ئازغا يول قويۇلسا، كۆپكىمۇ يول ئېچىلىدۇ»[4].

---

[1] ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، 4075 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەت.

[3] يەنى پەتىۋاسىدا ئاساسلانغان مۇھىم نۇقتىلارنى بايان قىلسا بولىدۇ.

[4] ئەسلىي قائىدە مۇپتى پەتىۋادا ئەقلىي دەلىللەرنى سۆزلىمەسلىكى لازىم، بولۇپمۇ ئۇزۇن

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن تەپسىلاتلار «الحاوي» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ مۇتلەق چەكلىگىنىدىن ياخشى.

مۇپتى بەزى چىڭىتىشقا ۋە تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردە «بۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئىجمائ قىلغان ياكى بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمەن، بۇنىڭغا قارشى چىققان كىشى ۋاجىپقا قارشى چىققان، ھەقتىن تايغان بولىدۇ، ئىش بېشىدىكىلەر بۇ پەتىۋانى تۇتۇشى، بۇنىڭغا سەل قارىماسلىقى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئەھۋالغا قاراپ، مۇۋاپىق ئىشلەتسە بولىدۇ[1].

**ئون سەككىزىنچى:** شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى ئىلمى كالام (ئىلاھىيەتشۇناسلىق، ئەقىدىشۇناسلىق) غا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، تەپسىلىي جاۋاب بەرمەسلىكى؛ بەلكى پەتىۋا سورىغۇچىنى ۋە باشقا ئاۋام - خەلقنى ئىلمى كالامغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشتىن توسۇشى؛ ئىلمى كالام مەسىلىلىرىگە بەك ئىچكىرىلەپ كىرمەي، ئابستراكت ھالەتتە ئىمان ئېيتىش بىلەنلا كۇپايىلىنىشكە بۇيرۇشى؛ ئىلمى كالام مەسىلىلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاش مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق بولمىغان) ئايەتلەر[2] ھەققىدە

---

دەلىللەرنى. لېكىن، قىسقا، مەنىسى ئوچۇق ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ سۆزلىسە بولىدۇ. مەسىلەن، ھەيزدىن توختىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن توختىغانلارنىڭ ئىددىتى توغرۇلۇق شەك قىلىپ قالساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر﴾ [سۈرە تالاق 4 - ئايەت] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلسا؛ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسى پاك بولامدۇ؟ دەپ سورالسا: «ھەئە، پاك بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ھەر قانداق تېرە ئاشلانسا پاك بولىدۇ› دېگەن» دەپ يازسا بولىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم «ھەيز كىتابى»دا، ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد»تە رىۋايەت قىلغان.

[1] يەنى مۇپتى مۇئەللىپ تىلغا ئالغانغا ئوخشاش قىسقا ئىبارىلەر بىلەن جاۋاب بەرسۇن.

[2] ﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر﴾ [سۈرە ھەدىد، 4 - ئايەت]؛ ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى﴾ [سۈرە تاھا، 5 -

پەتىۋا سورالسا: «بۇ ئايەتلەردە تەكىتلەنگىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۈلۈغلۈقى، مۇكەممەللىكى ۋە پاكلىقىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئىمان ئېيتىشتۇر. بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، بۇ مەسىلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش، مەنىسىنى بېكىتىش، تەتقىق قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، بىز بۇلارنى تەپسىلىي بىلىشنى ئاللاھقا قالدۇرۇشىمىز، بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ چۈكۈشتىن قەلبلىرىمىزنى، تىللىرىمىزنى يىغىشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىشى لازىم. بۇ، پەتىۋا ئىماملىرىدىن كەلگەن توغرا قاراش؛ سەلەپ سالىھلار[1]، مۆتىۋەر مەزھەپ ئىماملىرى، كاتتا ئالىملار ۋە سالىھلارنىڭ يولى؛ ئاۋام - خەلق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئۈچۈن ساغلام ۋە خاتىرجەم يولدۇر. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەر كىشى ئىلمى كالام مەسىلىلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، خاتا ئېتىقادقا چۈشۈپ قالغان بولسا، خاتا ئېتىقادتىن ئەڭ يەڭگىل، ئاسان، ساغلام يول بىلەن توسۇش لازىم.

مۇسۇلمان رەھبەر بۇ ساغلام يولدىن چەتنىگەن كىشىگە تەزىر

---

ئايەت]: ﴿بەلكى، ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر﴾ [سۈرە مائىدە، 64 - ئايەت] قاتارلىق ئايەتلەر مۇتەشابىھ ئايەتلەر جۈملىسىدىندۇر؛ يەنە سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ﴿الم﴾، ﴿حم﴾، ﴿عسق﴾قا ئوخشاش ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرمۇ مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

[1] بۇ سەلەپ سالىھلارنىڭ مەزھىپىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە تۇتقان يوزىتسىيەسى «تەفۋىز (مەنىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش)»دۇر. ئۇلار بۇ ئايەتلەرگە ئىمان ئېيتاتتى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشنى ئاللاھقا تاپشۇراتتى. بۇ ئىش «نەئۋىل (باشقا مەنىلەرگە بۇراش)»دىن ساغلامدۇر. سەلەپ سالىھلار مۇتەشابىھ ئايەتلەر توغرىسىدا سوئال سورىغانلارنى ئەيىبلەيتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام مالىكتىن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴾ [سۈرە تاھا: 5 - ئايەت] دېگەن سۆزى ھەققىدە سورالغاندا: «ئاللاھنىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى ئېنىق، قانداق قارار ئالغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئۇ زاتنىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش ۋاجىپ، بۇ ھەقتە سوئال سوراش بىدئەت» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، سوئال سورىغۇچىغا قاراپ: «سەن ئازغۇن كىشىكەنسەن» دېگەن ۋە ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى سورۇندىن چىقىرىۋېتىلگەن.

جازاسى بەرگەن بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشكەن بولىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەبىھ[1] ئىسىملىك كىشىنى مۇتەشابىھ ئايەتلەر ھەققىدە سوئال سورىغانلىقى ئۈچۈن تەزىر ئۇرغان»[2].

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسھابلىرىمىز (شافىئىي مەزھەپتىكى مەشھۇر ئالىملار) ئىچىدىكى ئەقىدىشۇناسلار بۇ يولنىڭ توغرا ۋە ساغلام يول ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئىمام غەززالىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يولنى كۈچەپ تەرغىب قىلغان ۋە بۇنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىگە دەلىللەرنى كەلتۈرگەن. غەززالىينىڭ ئۇستازى

---

[1] بۇ كىشىنىڭ ئىسمى «سەبىھ» ئەمەس، بەلكى «سەبىغ ئىبنى ئەسەل»دۇر. بۇ قىسسىنىڭ تولۇق مەزمۇنى مۇنداق: ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافىئتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىراقلىق سەبىغ ئىبنى ئەسەل مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە سوئال سوراپ يۈرۈپ مىسىرغا بارغاندا، ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ. ئەلچى خەتنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆمەرگە بېرىدۇ. ئۆمەر خەتنى ئوقۇپ:
— ئۇ كىشى قېنى؟ — دەپ سورايدۇ. ئەلچى:
— يانىقتا، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر:
— قاراپ باق! ئەگەر ئۇ كېتىپ قالغان بولسا، سېنى قاتتىق جازالايمەن، — دەيدۇ. ئەلچى سەبىغنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭغا:
— سەن بىدئەت ئىشلار ھەققىدە سوئال سوراۋاتامسەن؟ ماڭا ھۆل خورما شېخى كەلتۈرۈڭلار، — دەيدۇ. (شاخ كەلتۈرۈلىدۇ). ئۆمەر سەبىغنى دۈمبىسى يارا بولغۇچە قاتتىق ئۇرىدۇ. ئاندىن سەبىغ كېتىدۇ. ئۆمەر ئۇنى يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ يەنە ئۇرغاندىن كېيىن قويۇۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇ كېتىدۇ. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ئۆمەر ئۇنى يەنە چاقىرتىپ ئەكېلىدۇ. سەبىغ:
— ئەگەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ، چىرايلىقچە ئۆلتۈرگىن: داۋالاپ ساقايتماقچى بولساڭ، مەن ساقايدىم، — دەيدۇ. ئۆمەر سەبىغنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۆمەر ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىيگە خەت يېزىپ، مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىر كىشىنىڭ سەبىغ بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىش سەبىغقا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. ئەبۇ مۇسا ئۆمەرگە: «سەبىغ چىن دىلىدىن تەۋبە قىلدى» دەپ خەت يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر كىشىلەرنىڭ سەبىغ بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەت يازىدۇ. «سۈنەن دارىمىي»، 1 ـ توم، 55 — 56 ـ بەتلەر؛ ئىبنى مەنزۇر: «مۇختەسەر تارىخى ئىبنى ئەساكىر»، 11 ـ توم، 45 ـ بەت.

[2] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 153 — 156 ـ بەتلەر.

ئىمامۇل ھەرەمەيىن[1] «الغياثى»[2] ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى (خەلىپىسى، پادىشاھى) خەلقنى ئىلمى كالام (ئەقىدىشۇناسلىق) مەسىلىلىرىدە سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىدا مېڭىشقا بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قولىدىن كەلگەننى قىلىشى لازىم»[3].

ئىمام غەززالىي ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىشى ھەققىدە پەتىۋا سورالغاندا: «ئاللاھ تائالا ئاۋۇش ۋە ئاۋاز بىلەن سۆزلەمدۇ ياكى ئاۋۇشسىز، ئاۋازسىزمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە چۆكۈش بىدئەت. ئاۋام ـ خەلقنى بۇنداق مەسىلىلەرگە چۆكۈشكە چاقىرغان كىشى دىن ئىمامى ئەمەس، بەلكى ئازدۇرغۇچىلارنىڭ ئىمامىدۇر. بۇنداق كىشى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان كىچىك باللارنى دېڭىزدا سۇ ئۈزۈشكە، يول ماڭالمايدىغان مېيىپنى ئۆلاغسىز چۆل ـ سەھرالاردا

[1] ئىمامۇلھەرەمەيىن (ئىككى ھەرەم ئىمامى) ئەلجۇۋەينىي (ھ. 419 — 478/ م. 1028 — 1085): ئىمامۇلھەرەمەيىن شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئەلجۇۋەينىينىڭ ئوغلى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇلمەئالىي ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇف ئىبنى مۇھەممەد. نىشاپوردىكى شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇستازى. ئۇ دادىسىدىن فىقھ ئىلمى ئۆگىنىپ، دادىسى ۋابات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئورنىدا مۇدەررىسلىك قىلغان، ئۇسۇلۇددىن، ئۇسۇلۇلفىقھ ئىلىملىرىنى ئەبۇلقاسىم ئىسفرايىينىي ئەلئىسكافتا يۆختىلىغان. ھەرەمدە تۆت يىل دەرس ئۆگەتكەن، پەتىۋا بەرگەن. نىزامىيە مەدرىسەسىدە ئوتتۇز يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئادەتتە ئۇنىڭ دەرسىگە 300 كىشى قاتنىشاتتى. ئىبنى سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ شەرق ۋە غەربتىكى ئۆلىمالار بىردەك ئېتىراپ قىلغان بۈيۈك ئىمامدۇر، تارىخ ئۇنىڭدەك بىر ئالىمغا شاھىت بولۇپ باقمىدى». ئۇ «النهاية»، «البرهان»، «التلخيص»، «الغياثى»، «النظامية»، «الإرشاد» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

[2] ئىمامۇلھەرەمەيىن ئەلجۇۋەينىي: «الغياثى»، 190 — 191 ـ بەت.

[3] سەلەپلەر كىشىلەرنى مۇجمەل، قىيىن، مۇرەككەپ مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشىشتىن، شۈبھىلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن، يۈز بەرمىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە زورۇقۇشتىن توساتتى: دىققەتنى كىشىلەرنى ئەقۋادارلىققا ئۈندەشكە، كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇشقا، قولىدىن كېلىشىچە تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا قىزىقتۇرۇشقا قارىتىش كېرەك، دەپ قارايتتى. بۇ ئىمامۇلھەرەمەيىن ئەلجۇۋەينىينىڭ سەلەپلەر يولى ھەققىدىكى قارىشىدۇر.

سەپەر قىلىشقا چاقىرغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام غەززالىي بىر رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئەسىردە بىر ياكى ئىككىسى چىقىدىغان ئاز ساندىكى بۈيۈك ئالىملاردىن باشقا پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن توغرا يول سەلەپلەرنىڭ يولىدۇر يەنى ئاللاھ چۈشۈرگەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرمەستىن، كوچىلىماستىن، ئابستراكت ھالەتتە ئىمان ئېيتىش، ھەممىسىنى تەستىقلاش ۋە تەقۋادارلىققا مەشغۇل بولۇشتۇر. ھەممىدىن مۇھىمى مانا مۇشۇ»[1].

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادار ئالىملار ئىجمائ قىلغان قاراش شۇكى، فىقھىي مەسىلىلەرگە پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتىنىڭ ئىلمى كالام مەسىلىلىرى ھەققىدە پەتىۋا بېرىشى جائىز ئەمەس[2]. بەزى مۇپتىلار ئىلمى كالامغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى تولۇق ئوقۇمايدىغان ئىشلارمۇ بار. يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار (ئىلمى كالام مەسىلىلىرى ھەققىدە پەتىۋا سورالسا): ‹بۇ بىز بىلىدىغان مەسىلە ئەمەس، بىز بۇنداق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئولتۇرمىدۇق، بۇ مەسىلىنى باشقىلاردىن سورىغىنىڭلار ئەۋزەل دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى دېيىشنى يامان كۆرەتتى، بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچبىرىنى دېمەسلىك لازىم› دەيتتى»[3].

---

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 83 ـ بەتتە سەيمەرىيدىن نەقىل قىلغان.

[2] مۇپتى قازا ۋە قەدەر، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ تائالانى كۆرۈش، قۇرئان مەخلۇقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردىن پەتىۋا سورالسا، ئەپىسلىي پەتىۋا بەرمەسلىكى، بەلكى پەتىۋا سورىغۇچىنى ۋە ئاۋام ـ خەلقنى بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە چۆكۈشتىن توسۇشى، ئۇلارنى بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە ئومۇمىي ھالەتتە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇشى لازىم. چۈنكى، ئاۋام ـ خەلق بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تولۇق چۈشىنىپ بولالمايدۇ. بۇ، سەلەپلەرنىڭ ۋە مۆتىۋەر فىقھىي مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ يولىدۇر.

[3] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 153 ـــ 156 ـ بەت.

ئىمام، ھافىز، فىقھشۇناس ئەبۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلبەر[1] قەدىمقى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى فىقھشۇناسلار، ئۆلىمالار، مۇھەددىسلەر ۋە مۇپەتتىلارنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدە گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن: «بۇنىڭغا بىدئەتچىلەر خىلاپلىق قىلدى» دېگەن.

شەيخ (ئىبنى سالاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سورالغان مەسىلە تەپسىلىي جاۋاب بەرسە چاتاق چىقمايدىغان مەسىلە بولسا، تەپسىلىي جاۋاب بەرسە بولىدۇ يەنى خەلق ئارىسىدا گېپى ئۆتىدىغان مۇپتى ھەقنى بىلگۈسى بار، ئىنتائەتمەن، تالاش - تارتىشتىن يىراق كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ھەققىدىكى سوئاللىرىغا قىسقا، چۈشىنىشلىك قىلىپ، تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولمايدىغان شەكىلدە جاۋاب بەرسە بولىدۇ. سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن ئەقىدە مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بېرىشنى يامان كۆرۈش ھەققىدە كەلگەن ئاز ساندىكى رىۋايەتلەرنى مۇشۇنداق چۈشىنىش لازىم. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر»[2].

**ئون توققۇزىنچى:** سەيمەرىي ۋە خەتىب مۇنداق دەيدۇ: «فەقىھ ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سورالسا، يازمىچە جاۋاب بەرسە بولىدۇ. مەسىلەن، <الصلاة الوسطى> دېگەن ئايەتتە كۆزدە

---

[1] ئەبۇ ئەمىر ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئابدۇلبەر (ھ368 — 463/ م. 978 — 1071): ئەندەلۇس خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى قۇرتۇبەدە ياشىغان. بۇيۈك ئەھلى سۈننەت ئىماملىرىنىڭ بىرىنى چىك تۇتۇپ، فىقھ ساھەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن. ھەدىس، قىرائەت ۋە فىقھ ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئالىملار تەرىپىدىن «مەغرىب مۇھەددىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ۋە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. كىتابلىرى ھەدىس ۋە فىقھ ساھەلىرىدە مۇراجىئەت مەنبەلىرىگە ئايلانغان. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «التمهيد لما في الموطأ من المعاني والأسانيد»، «الاستذكار لمذاهب علماء الأمصار فيما تضمنه الموطأ من معاني الرأي والآثار»، «جامع بيان العلم وفضله»، «الاستيعاب» (مۇئەللىپ بۇ كىتابىدا ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى جەملىگەن)، «الدرر في اختصار المغازي والسير» قاتارلىقلاردۇر. ئىبنى ئابدۇلبەر ھىجرىيە 463 - يىلى شاتىبەدە ۋاپات بولغان.

[2] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 85 - بەت.

تۇتۇلغان ناماز قايسى ناماز؟ <القرء> ھەيزمۇ ياكى پاكلىقمۇ؟ <نىكاھ تۈگۈنى ئىلكىدە بولغان كىشى كىم؟> دېگەنگە ئوخشاش فىقھىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرسە بولىدۇ. ئەمما <الرقيم>، <النقير>، <القطمير>، <الغِسْلِين> كەلىمىلىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئوخشاش فىقھىي ئەھكاملار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، تىلشۇناسلىقتا ئۇنى مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا سورالسا، تەپسىرشۇناسلاردىن سوراشقا تەۋسىيە قىلىشى لازىم. ئاغزاكى جاۋاب بەرسىمۇ يامان ئىش قىلغان بولمايدۇ».

ناۋادا فىقھشۇناس ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى بىلسە، پېزىقچە جاۋاب بەرسىمۇ بولىدۇ دېيىلگەن بولسا، ياخشى بولغان بولاتتى. سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئەھكام مەسىلىلىرى ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟[1] ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] ئىمام نەۋەۋى «فىقھىي ھۆكۈملەرنى بىلىش ئۈچۈن سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىش لازىم، ئەھكام ئايەتلىرى ھەققىدە پەتىۋا بېرەلىگەن كىشى قۇرئان كەرىم سۆزلۈكلىرىنىڭ مەنىلىرى ھەققىدىمۇ پەتىۋا بېرەلەيدۇ» دېمەكچى بولسا كېرەك. ئەمما، دەۋرىمىزدە ئىلىملەرنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، ساھەلەر ھەددىدىن زىيادە ئارماقلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە دەۋرىمىز ئۆلىمالىرىدا ئىمام نەۋەۋىدەك يۈكسەك ھىممەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدە سەيمەرىي ۋە خەتىبنىڭ قارىشىنى تۇتۇش ياخشى بولسا كېرەك. — ت.

## سەككىزىنچى بۆلۈم

# پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپلىرى[1]، سۈپەتلىرى ۋە ھۆكۈملىرى

بۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىدىغان مەسىلىلەر:

بىرىنچى: پەتىۋا سورىغۇچى كىم؟

شەرئىي مەسىلىلەردە پەتىۋا بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەتىۋا سورىغۇچى، تەقلىد قىلغۇچىدۇر[2].

---

[1] پەتىۋا سورىغۇچىلار بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئەدەپ - قائىدە ۋە ھۆكۈملەر بار. پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئۇلارغا رىئايە قىلىشى، بىلمىسە ئۆگىنىشى، پەتىۋا سورىغاندىن كېيىن پەتىۋاغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئۆلىمالار كىتابلىرىدا پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپلىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغان. ئۇلار بەزى ئەدەپ - قائىدە ۋە ئەھكاملاردا بىرلىككە كەلسە، بەزىسىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن.

[2] ئىبنى ھەمەداننىڭ قارىشىدا ئىلىمدە كۆرگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، پەتىۋا بەرگۈدەك ئىلىمگە ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەتىۋا سورىغۇچىدۇر. ئىبنى ھەمەدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 68 - بەت. پەتىۋا سورىغۇچى — مۇجتەھىد مۇپتىلاردىن پەتىۋا سورايدىغان كىشىدۇر. «ئىجتىھاد پارچىلىنىدۇ» دېگەن قاراشقا ئاساسلانغاندا، بىر شەخس بىرلا ۋاقىتتا ھەم مۇپتى، ھەم پەتىۋا سورىغۇچى بولالايدۇ. بىر شەخس بەزى مەسىلىلەردە مۇپتى بولسا، بەزى مەسىلىلەردە پەتىۋا سورىغۇچى بولىدۇ. ئەمما، جۈزئىي ئىجتىھاد دەرىجىسىگىمۇ يەتمىگەنلەر ھەممە جەھەتتىن پەتىۋا سورىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. سەھىھ قاراشقا ئاساسلانغاندا، دەلىلى قەتئىي بولمىغان ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە پەتىۋا سورىلىدۇ. ئەقىل ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىلىش ۋاجىب بولغان مەسىلىلەردە پەتىۋا سورالمايدۇ. بۇ رازىي، ئامىدىي، ئىبنى ھاجىب قاتارلىقلار تاللىغان قاراشتۇر. ئامىدي: «الإحكام في أصول الأحكام»، 4 - توم، 299 - بەت؛ «منتهى السول»، 219 - بەت؛ ئەدۇد ئىيجىي: «شرح مختصر المنتهى لابن الحاجب»، 2 - توم، 305 - بەت. يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، ئۇت ئىمام ۋە

تەقلىد — خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىمالى بار كىشىنىڭ[1] سۆزىنى دەلىلىنى سۈرۈشتۈرمەستىن قوبۇل قىلىش بولۇپ، بۇ بىز تاللىغان تەبىردۇر. پەتىۋا بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن كىشىلەر بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، پەتىۋا بېرەلەيدىغانلاردىن سوراپ، مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بىلىشى ۋاجىپ[2]. ئەگەر يۇرتىدا پەتىۋا بېرەلەيدىغان كىشى بولمىسا، مۇساپە يىراق بولغان تەقدىردىمۇ پەتىۋا بېرەلەيدىغانلارنىڭ يېنىغا بېرىشى لازىم[3]. سەلەپلىرىمىز بىر مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سوراش ئۈچۈن كۆپلەپ سەپەر قىلغان ئىشلارمۇ بار.

**ئىككىنچى:** پەتىۋا سورىغۇچى پەتىۋا سورىماقچى بولغان مۇپتىنىڭ پەتىۋا بېرىشكە شەرتى توشىدىغان ياكى توشمايدىغانلىقىنى بىلمىسە، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى قەتئىي ۋاجىپتۇر[4]. چۈنكى، ئىلىم ئەھلى

---

ئىمام ئەشئەرىيدىن باشقا كالامشۇناسلارنىڭ قارىشىدا، تەقلىد قىلىپ ئىمان ئېيتقۇچى گەرچە ئەقىل ئىشلىتىش ۋە ئىزدىنىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولغان تەقدىردىمۇ، ئىمانى دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن سەھىھ قاراشتا شەرئىي مەسىلىلەردىمۇ، ئەقلىي مەسىلىلەردىمۇ (ئەقلىي مەسىلىلەردىن ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى دېگەنگە ئوخشاش ئەقىل ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك — ت) پەتىۋا سوراش جائىز بولىدۇ. بۇنى شەيخ ئىبنى ئابدۇششەكۇر «مسلم الثبوت» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 401 ـ بېتىدە ئوچۇق بايان قىلغان.

[1] يەنى تەقلىد — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىلارنىڭ سۆزىنى دەلىلىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قوبۇل قىلىش، دېمەكچى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىمالى يوق. — ت.

[2] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 85 ـ بەت.

[3] خەتىب باغدادى: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 177 ـ بەت.

[4] ئۆلىمالار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن كىشىنىڭ پەتىۋا سوراپ ھۆكمىنى بىلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كېلىش بىلەن بىرگە، ئىلمى، دىيانىتى ۋە پەرھىزكارلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان كىشىدىن پەتىۋا سورىشىنىڭ ئەسلا جائىز ئەمەسلىكىگىمۇ بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، ئىلىمنى دەۋا قىلغانلىكى ھەممىسى ئالىم ئەمەس، ئالىم تونىغا ئورىنىۋالغانلىكى ھەممىسى ئىلىم ئەھلى ئەمەس. ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم دىندۇر. دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىڭلارغا قاراڭلار»؛ يەزىد ئىبنى ھارۇن مۇنداق دەيدۇ: «ئالىم ئاللاھ بىلەن ئارىڭدىكى ھۆججەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئالدىدا

ئاتالغان، دەرس ئۆگىتىش، قۇرئان ئۆگىتىش دېگەندەك ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شۇ خىزمەتلەرگە تەيىنلەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن پەتىۋا سوراۋېرىش جائىز ئەمەس. ئەمما، خەلق ئارىسىدا پەتىۋا بېرىشكە لايىق ئىكەنلىكى مەشھۇر كىشىلەردىن تەكشۈرۈپ يۈرمەيلا، پەتىۋا سوراۋەرسە بولىدۇ[1].

كېيىنكى دەۋردىكى بىر قىسىم ئەسھابلىرىمىز: «پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىنىڭ خەلق ئارىسىدا پەتىۋا بېرىش بىلەن مەشھۇر بولۇشىغا ئەمەس، بەلكى ‹مەن پەتىۋا بېرىشكە لايىق› دېگەن گېپىنى ئاساس قىلىشى كېرەك، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇرلۇققا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. گاھىدا ساختا مۇپتىمۇ خەلق ئارىسىدا ‹مەشھۇر مۇپتى›

كىمنى ھۆججەت قىلىۋاتقىنىغا قارىغىن». خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 177 ــ 178 ـ بەت. دېمەك، مۇپتى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئىزباسارى، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ خەۋەرچىسى، ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ھۆججەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئەقىۋادار، پەرھىزكار، ئىشەنچلىك كىشىلەر پەتىۋا سوراشقا، يېڭى مەسىلە ۋە ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەندە مۇراجىئەت قىلىشقا بىرلىككە كەلگەن مۆجتەھىدلەر ئارىسىدىن ئاللىنىشى لازىم. بىراۋنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى، بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدا شۇ سۈپەتلەر بىلەن مەشھۇر بولۇشى ئۇنىڭ ئىلمى، پەزىلىتى ۋە مۇپتىلىققا لايىق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. بۇنداق كىشىدىن پەتىۋا سوراش جائىز. رازىي: «المحصول»، 2 ـ توم، 3 ـ ۋە 11 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ھاجىب: «منتهى السول»، 220 ـ بەت؛ ئامىدىي: «الإحكام في أصول الأحكام»، 4 ـ توم، 311 ـ بەت؛ فۇتۇھىي: «شرح كوكب المنير»، 4 ـ توم، 542 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

[1] يەنى بىراۋنىڭ پەتىۋا بېرىشكە لايىق ئىكەنلىكى خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولسا، ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراش جائىز. مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ: «بۇ توغرا قاراشتۇر» دەيدۇ. چۈنكى، پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەت قىلغانلىق ئۇنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلىقتۇر. ئىبنى ھەمەدان بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى كۈندە بىراۋنىڭ پەتىۋا بېرىۋاتقانلىقى ۋە پەتىۋا بېرىش بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكىلا ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ لاياقىتىنى تەكشۈرۈش لازىم». ئىبنى ھەمەدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 69 ـ بەت. ئىمام جۇۋەينىي مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادار مۇپتى: ‹مەن پەتىۋا بېرەلەيمەن› دېسە، گېپى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېگەن قاراش كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. جۇۋەينىي: «البرهان»، 2 ـ توم، 1341 ـ بەت.

بولۇپ قالىدۇ. مەشھۇرلۇق ئېنىق مەلۇماتنى ئاساس قىلمىغان بولسا، بىلىشنى ئىپادىلىمەيدۇ» دەيدۇ.

توغرىسى ئاۋۋالقى قاراشتۇر. چۈنكى، مۇپتىنىڭ پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكتۇر. چۈنكى، بۇنداق ئىش دىيانەتكە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان كىشىلەردىن سادىر بولىدۇ.

**مەشھۇر مۇپتى تەۋسىيە قىلغان مۇپتىدىن پەتىۋا سوراشمۇ جائىز.**

شەيخ ئەبۇ ئىسھاق قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتىنىڭ لاياقىتىنى بىلىشتە ئادىل بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك»[1].

ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇپتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگۈچىدە ھەقىقىي مۇپتى بىلەن ساختا مۇپتىنى ئايرىيالايدىغان

[1] شىرازىي: «اللمع»، 72 ـ بەت. ھەنبەلىي ئالىملىرىدىن ئىبنى ئەقىلنىڭ قارىشىدىمۇ ئادىل بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك. فۇتۇھىي: «شرح كوكب المنير»، 4 ـ توم، 542 ـ بەتكە قاراڭ. قازى ئەبۇ بەكرى باقىللانىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئادىل كىشى مۇپتىنىڭ مۇجتەھىد مۇپتى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك». جۇۋەينىي «البرهان»، 2 ـ توم، 1341 ـ بەتتە قازى باقىللانىيدىن نەقىل قىلغان. غەززالىينىڭ قارىشىدا پەتىۋا سورىغۇچى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ سۆزى ئارقىلىق مۇپتىنىڭ ئادىل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ: «مەن پەتىۋا بېرەلەيمەن» دېگەنلىكىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىشى كېرەك. غەززالىي «المنخول»، 478 ـ بەت. ئامىدىي مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا سورىغۇچى بىر ياكى ئىككى كىشىدىن سوراش ئارقىلىق مۇپتىنىڭ ئادالىتىگە قانائەت ھاسىل قىلىشى لازىم». ئامىدىي: «الإحكام في أصول الأحكام»، 4 ـ توم، 312 ـ بەت. ئۇستاز ئەبۇ بەكرى ئىبنى پورەك مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا سورىغۇچى باشقىلاردىن سوراپ يۈرمەستىن، مۇپتىنىڭ (مەن مۇجتەھىد) دېگەن سۆزىگە ئىشەنسە ۋە ئۇنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلسا بولىدۇ». جۇۋەينىي «البرهان»، 2 ـ توم، 1341 ـ بەتتە ئىبنى پورەكتىن نەقىل قىلغان. **خۇلاسە:** بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن كىشى ئىلىم ۋە ئىجتىھاد بىلەن تونۇلغان، ئادالىتى ئىسپاتلانغان، ئۆزى دىيانىتىگە ئىشەنچ قىلغان مۇپتىدىن پەتىۋا سورىشى لازىم. بۇلارنى ئۇنىڭ پەتىۋا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ۋە ئۆلىمالارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق بىلسە بولىدۇ. يۇقىرىقى سۆزلەرگە ئىگە مۇپتىدىن پەتىۋا سوراشقا ۋە سۆزىنى قوبۇل قىلىشقا بىرەر ئالىمنى قارشى چىقىدۇ دەپ ئويلىمايمەن.

ئىلىم ۋە پاراسەت بولۇشى لازىم. ئاۋام ـ خەلق كۆپىنچە ھەقىقىي مۇپتىلارنى ئايرىشتا خاتالىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، بۇ مەسىلىدە بىرەر تۇرۇك كىشىنىڭ گېپىگە تايانغىلى بولمايدۇ»[1].

پەتىۋا سوراش جائىز بولىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇپتى بولسا، ئەڭ ئالىم، ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئىشەنچلىك مۇپتىنى تاللاش ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋاجىپمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار.

ئىككى قاراشنىڭ بىرى: ۋاجىپ ئەمەس، خالىغان بىرىدىن پەتىۋا سورىسا بولىدۇ. چۈنكى، ئىككىلىسى پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان مۇپتىلاردۇر. بىز يۇقىرىدا ئاۋام ـ خەلقنىڭ مۇپتى تاللاش ھەققىدە ئىزدىنىشىنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى ئېيتقان ئىدۇق. بۇ، ئىراقلىق ئەسھابلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە سەھىھ قاراشتۇر. ئۇلار بۇنى كۆپىنچە ئەسھابلىرىمىزنىڭ پىكرى دەپ قارايدۇ[2].

ئىككىنچى خىل قاراش: مۇپتى كۆپ بولغان ئەھۋالدا پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەڭ ئالىم، ئەڭ تەقۋادار مۇپتىنى تاللىشى ۋاجىپ. چۈنكى، تۇرۇك ئادەممۇ ئىزدىنىپ، سوراپ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا تايىنىپ سۈرۈشتۈرۈپ بۇنچىلىك ئىجتىھادنى قىلالايدۇ[3]. بۇ،

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 86 ـ بەت.

[2] بۇ ئىمام شافىئىينىڭ كۆپ قىسىم ئىراقلىق شاگىرتلىرىنىڭ قارىشىدۇر. بۇ قاراشنى ئىبنى سالاھ ۋە ئىبنى ھەمدان: «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 86 ـ بەت؛ ئىبنى ھەمدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 69 ـ بەت.

[3] مۇئەللىپ تىلغا ئالغاندەك، تۇرۇك كىشىمۇ ئىزدىنىش ۋە سوراش ئارقىلىق ئالىم، تەقۋادار مۇپتىنى بىلەلەيدىغان بولغاچقا، ئىجتىھاد (ئىزدىنىش) ۋەزىپىسى ئۇنىڭدىن ساقىت بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا سورىغۇچى ئەڭ ئالىم، ئەڭ تەقۋادار مۇپتىدىنلا پەتىۋا سورىشى لازىم. بۇ، ئىمام ئەھمەدنىڭمۇ قارىشىدۇر. چۈنكى، ئىلىمدە يۇقىرى كىشى شەرىئەتتە ھەرقانداق يەردە ئالدىنقى قاتارغا قويۇلىدۇ. ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا سورىغۇچى ئۆزى خالىغان بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا بولىدۇ» دېگەن

ئەبۇلئاببـاس ئىبنــى سـۇرەيجنىڭ[1] قارىشــىدۇر. بـۇ قاراشــنى قەففـال مەرۋەزىــي[2] قوللىغــان. بـۇ قــازى ھۆسـەيىننىڭ[3] نەزىرىدىمـۇ سـەھىھ قاراشــتۇر.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاۋۋالقى قاراش كۈچلۈك.

ئەبـۇ ئەمـر ئىبنــى سـالاھ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئىشـەنچلىك مۇپتىنىــڭ

بىرىنچى قاراش سەھىھرەك. چۈنكى، سەلەپلەرنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ئېنىق. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 86 ـ بەت.

[1] **ئەبۇلئاببـاس ئىبنــى سـۇرەيج (ھ. 249 ــ 306/ م. 863 ــ 919)**: شافىئىي مەزھىپىدىكى كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ، «چارباش قارچۇغا» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئاتالغان. شىيرازىنىڭ قارىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىدىن ھەتتا مۇزەنىيدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلاتتى. كىتابلىرى كاتولوگ تۈزگۈزۈلسا، 400 پارچىگە يېتىدۇ. شەيخ ئەبۇ ھامىد ئىسفەرايىنىي مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەبۇلئاببىاس بىلەن فىقھنىڭ ئاددىي مەسىلىلىرىدىلا بىللە ماڭالايتتۇق، ئەمما ئىنچىكە مەسىلىلىرىدە بىللە ماڭالمايتتۇق». ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شافىئىي مەزھىپى يۇرت ـ يۇرتلارغا تارقالغان. ئۇ ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد زاھىرىي بىلەن كۆپ مۇنازىرىلىشەتتى. ئىبنى سۇرەيج ھىجرىيە 306 ـ يىلى 57 يېشىدا باغدادتا ۋاپات بولغان. تەرجىمىھالى ئۈچۈن شىيرازىينىڭ: «الطبقات» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

[2] **ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەرۋەزىي ئەبۇ بەكرى قەففال سەغىر (ھ.327 — 417/م.938 — 1026)**: خۇراسان شافىئىيلىرىنىڭ پېشۋاسى. ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۆزىدىكى بەۋقۇلئاددە زېرەكلىكنى بايقاپ، فىقھ ئىلمى ئۆگىنىشكە ئاتلىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق فىقھ ئىلمىدە كاتتا ئىماmغا ئايلانغان. ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن خۇراسانلىق فەقىھشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. مەرۋەزىي ھەدىس ئىلمى ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن، ھەدىس ئاڭلىغان ۋە ئاڭلاتقان. ھافىز ئەبۇ بەكرى سەمئانىي «الأمالي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيدۇ: «ئەبۇ بەكرى قەففال فىقھ، ھەدىس ئىلىملىرى، تەقۋادارلىق، زاھىتلىق جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسىدۇر. ئۇ شافىئىي مەزھىپى ھەققىدە باشقا دەۋرداشلىرى قالدۇرالمىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شاگىرتلىرى ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان، شافىئىي مەزھىپىدىكى تەھرىرلەنگەن تەرىقەت ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ توغرا تەرىقەتتۇر. ئۇ «كتاب الفتاوى» قاتارلىق بىرنەچچە ئەسەر قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 417 ـ يىلى مەرۋە شەھرىدە ۋاپات بولغان. تەپسىلىي تەرجىمىھالى ئۈچۈن تەرجىمىھال كىتابلىرىغا قاراڭ.

[3] **قــازى ھۆسـەيىن ئىبنى مۇھەممەد مەرۋەررۇزىي (ھ. ؟ ــ 462/ م. ؟ ــ 1069)**: «التعليقة في الفقه» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى. ھىجرىيە 462 ـ يىلى مەرۋەررۇزدا ۋاپات بولغان. تەرجىمىھالى ئۈچۈن تەرجىمىھال كىتابلىرىغا قاراڭ.

خەۋرىنى ئالسا، كۆچلۈك قاراشتا شۇنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ. بۇ خۇددى ئىككى دەلىلنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىگە، ئىككى رىۋايەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكىگە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولغانغا ئوخشايدۇ»[1].

بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىككى ئالىمدىن ئەڭ تەقۋادارراقىغا، ئىككى تەقۋا كىشىدىن ئالىمراقىغا ئەگىشىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ئالىمنىڭ بىرى ئالىمراق يەنە بىرى تەقۋادارراق بولسا، سەھىھ قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئالىمراقىدىن پەتىۋا سوراش ۋاجىپتۇر[2].

### ☐ ئۆلۈككە تەقلىد قىلىش مەسىلىسى

ئۆلۈككە تەقلىد قىلىش[3] مەسىلىسىدە ئىككى خىل قاراش بار:

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 87 ـ بەت.

[2] ئىلمى يۇقىرى كىشىنىڭ پەتىۋاسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. دەلىللەرگە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولغانغا ئوخشاش كۈچلۈككە ئەمەل قىلىشمۇ ۋاجىپ. چۈنكى، پەتىۋا مۇپتىنىڭ دىيانىتىدىن ئەمەس، ئىلمىدىن ئېلىنىدۇ.

[3] بۇ مەسىلىنىڭ سۈرىتى مۇنداق: مەلۇم بىر ئىمامغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان مۇقەللىد (ئەگەشكۈچى) ئىمامى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باشقا هايات مۇجتەھىدكە ئەگىشەمدۇ ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىمامغا ئەگىشىۋېرەمدۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: **بىرىنچى خىل قاراش:** ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىمامغا تەقلىد قىلىۋېرىشى، ئەگىشىۋېرىشى لازىم، چۈنكى ئىمام ئۆلسىمۇ مەزھىپى ئۆلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن دېمەكچى، ئىمام شافىئى ياكى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشنى تەرك ئېتىپ، ئۆز دەۋرىدىكى باشقا هايات مۇجتەھىدكە، باشقا مەزھەپ ئىمامىغا ئەگىشىشى دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ئىمامى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئىمامدىن نەقىل قىلىنغان قاراشلارغا ئەمەل قىلىشى لازىم. لېكىن شەرت شۇكى، ئىمامنىڭ قاراشلىرىنى نەقىل قىلغۇچى كىشى فىقھ ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئىشەنچلىك، نەقىل قىلىشتا ئامانەتدار كىشى بولۇشى كېرەك. بۇ، سەھىھ قاراشتۇر. بۇ قاراشنى ئىبنى سالاھ «سەھىھ» دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن: «قەدىمدىن بېرى ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن قاراش شۇكى، ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىماملارغا ئەگىشىش جائىزدۇر». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 87 ـ بەت. **ئىككىنچى خىل قاراش:** هايات مۇجتەھىدكە ئەگىشىشى ۋە تەقلىد قىلىشى جائىز. چۈنكى، هايات مۇجتەھىد كېيىن پاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىكىلەرنىڭ مەزھەپلىرىنى ياخشى بىلىدۇ؛

بىرىنچى خىل قاراش: تەقلىد قىلىش جائىز. بۇ، سەھىھ قاراشتۇر. چۈنكى، ئۆلىمالار ئۆلىمىمۇ مەزھىپى ئۆلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلگەنلەرنىڭ قاراشلىرى ئىجماﺋ ۋە ئىختىلاپ مەسىلىلىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شاھىتنىڭ ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىشىمۇ ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ. ئەمما، پاسىق بولۇپ كېتىشى ھۆكۈم قىلىشتىن توسىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراش: ئۆلۈككە تەقلىد قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئۆلۈش بىلەن لاياقىتىنى يوقاتتى (يەنى ئۆلۈك قازىلىق، مۇپتىلىق، گۇۋاھچىلىق قاتارلىقلارغا يارىمايدۇ ـ ت). بۇ خۇددى پاسىق سالاھىيىتىنى يوقاتقانغا ئوخشايدۇ. بۇ قاراش ئاجىز، بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە.

ئۈچىنچى: تۈرۈك كىشى خالىغان مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا بولامدۇ ياكى ئۆز مەزھىپىدىكى مۇپتىدىن سورىشى كېرەكمۇ؟

شەيخ (ئىبنى سالاھ) مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋا سورىغۇچى بىرەر مەزھەپكە مەنسۇپ كىشى بولسا، بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. بۇ ئىككى قاراشنى قازى ھۇسەين «تۈرۈكنىڭ مەزھىپى بولامدۇ؟» دېگەن تېمىدا بايان قىلغان.

بىرىنچى قاراش: تۈرۈكنىڭ مەزھىپى بولمايدۇ. چۈنكى، مەزھەپ دەلىللەرنى بىلگەن كىشىگە خاس. تۈرۈك كىشى دەلىللەرنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ مەزھىپى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۈرۈك كىشى ھەنەفىي بولسۇن، شافىئىي بولسۇن، خالىغان بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا بولىدۇ.

---

ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا، ئۇسۇل (قائىدە)، فۇرۇﺋ (تارماق ئەھكاملار)، قائىدە ۋە مىساللارنى بايان قىلىشقا، مەسىلىلەرنى باب ۋە پاراگرافلارغا بۆلۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ قاراش ئاجىزدۇر. بىرىنچى قاراش كېيىنكى دەۋرلەردە دىنىي ھۆكۈملەرنى رەتلەشتە چوڭ رول ئوينىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچى قاراش كۈچلۈك.

ئىككىنچى خىل قاراش: تۇرۇكنىڭمۇ مەزھىپى بولىدۇ، مەزھىپىگە خىلاپلىق قىلسا بولمايدۇ[1]. بۇ قەففالنىڭ نەزىرىدە سەھىھ قاراشتۇر.

بىز يۇقىرىدا مەزھەپكە تەۋە مۇپتىلار ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئىمامىغا خىلاپ پەتىۋا بەرسە بولىدىغان ئەھۋاللارنى بايان قىلغان ئىدۇق.

تۇرۇك كىشى ئەگەر مەزھەپسىز بولسا، بۇ مەسىلىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار. بۇ ئىككى قاراشنى ئىبنى بەرھان «تۇرۇكنىڭ مەزھەپ تۇتۇشى ۋە تۇتقان مەزھىپىنىڭ رۇخسەتلىرى ۋە بۇيرۇق - چەكلىمىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىشى ۋاجىپمۇ؟»[2] دېگەن تېمىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ئىككى خىل قاراش تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى خىل قاراش: مەزھەپ تۇتۇشى ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچى ئەسىر (ساھابىلەر دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دىمۇ مۇئەييەن

[1] شەيخ ئىبنى سالاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدۇ: «ئۇ ئۇزى ئەگەشكەن مەزھەپنى ھەق ۋە باشقا مەزھەپلەردىن كۈچلۈك دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئېتىقادىغا سادىق بولۇشى ۋە ئەقىدىسىگە ۋاپا قىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئۇ شافىئى مەزھىپىدە بولسا، ھەنەفىي ياكى باشقا مەزھەپتىكى مۇپتىلاردىن پەتىۋا سورىشى، ئىمامىغا خىلاپ يول تۇتۇشى جائىز ئەمەس. ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 - توم، 87 - بەت.

[2] «ئاۋام - خەلقنىڭ مەزھىپى بولامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. كۈچلۈك قاراش شۇكى، ئاۋامنىڭ مەزھىپى بولمايدۇ. چۈنكى، مەزھەپ تۇتۇش دەلىللەرنى بىلىدىغان، تەكشۈرۈپ، يەكۈن چىقىرالايدىغان كىشىلەرگە خاس ئىشتۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئاۋام - خەلق ھەنەفىي بولامدۇ، شافىئىي بولامدۇ، خالىغان مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا، خالىغان ئالىمغا ئەگەشسە بولىۋېرىدۇ. ساھابىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. ساھابىلەرمۇ بىرنەچچە ساھابىدىن پەتىۋا سورايتتى، مۇجتەھىد ساھابىلەردىن بىرىگىلا باغلىنىپ قالمايتتى. بۇ ئىش ئۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ئىنكار قىلىنمىغان. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىجماﺋ سۈكۈتىي (سۈكۈت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان ئىجماﺋ) شەكىللەنگەن بولىدۇ.

بىر كىشىگە تەقلىد قىلىش ۋاجىپ ئەمەس ئىدى. بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، تۆۋەنكى سوئالغا ئوخشاش: «تۇرۇلۇك كىشى ئۆزى خالىغان بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا بولامدۇ ياكى ئەڭ چىڭ، ئەڭ توغرا مەزھەپنى ئىزدەپ، شۇ مەزھەپنىڭ ئالىمغا ئەگىشىشى ۋاجىپمۇ؟

بۇ مەسىلىدىمۇ بىز ئىلگىرى «ئەڭ ئىلىملىك، ئەڭ ئىشەنچلىك مۇپتىدىن پەتىۋا سورامدۇ ياكى خالىغان بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا بولامدۇ؟»[1] دېگەن مەسىلە ھەققىدە توختىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى خىل قاراش بار.

ئىككىنچى خىل قاراش: مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگىشىش ۋاجىپ. ئەبۇلھەسەن ئىلكىيا[2] تۇرۇۋكىنىڭمۇ مۇئەييەن بىر مەزھەپ تۇتۇشىنى كەسكىن ۋاجىپ دەپ قارىغان.

بۇ، مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن فىقھشۇناسلار ۋە باشقا ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ھۆكۈمدۇر. بۇ قاراشنىڭ دەلىلى شۇكى، خالىغان مەزھەپكە ئەگىشىش جائىز دېيىش ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ مەزھەپلەرنىڭ رۇخسەتلىرىنى تېرىشكە؛ ھارام بىلەن ھالال، ۋاجىپ بىلەن جائىز ئارىسىدا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىشكە ۋە بۇ ئەركىنلىك مەسئۇلىيەت ئارغامچىسىنىڭ

[1] كىتابنىڭ 107 — 109 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

[2] شەمسۇلئىسلام ئىمادۇددىن ئەلىي ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەبۇلھەسەن تەبەرىي (ھ. 450 — 504/ م. 1058 — 1110): «ئىلكىيا ھەراسىي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئىمامۇلھەرەمەيىن جۇۋەينىيدە ئوقۇپ، فىقھ، ئۇسۇل، ئىلمۇلخىلاپ قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن. غەززالىي، خەۋافىي قاتارلىقلار ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدۇر. ئۇ ھەدىسشۇناس، مۇنازىرىگە ماھىر، ئەتقىقاتچى، ئۆتكۈر پىكىرلىك، زېرەك، تىلى پاساھەتلىك ئالىم. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «أحكام القرآن»، «شفاء المسترشدين»، «نقد مفردات أحمد» قاتارلىقلار. ئۇ ئۇسۇلۇل فىقھ ھەققىدىمۇ بىرنەچچە ئەسەر يازغان. تەرجىمىھالى ئۈچۈن: «وفيات الأعيان»، 2 ـ توم، 448 ـ بەت؛ «شذرات الذهب»، 4 ـ توم، 8 ـ بەت؛ «العبر»، 4 ـ توم، 8 ـ بەت؛ «النجوم الزاهرة»، 5 ـ توم، 201 ـ بەت قاتارلىق مەنبەلەرگە قاراڭ.

ئۆزۈلۈشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئەسىردە فىقھىي مەزھەپلەر تەھرىرلەنمىگەن ۋە مەشھۇر بولمىغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۆرۈك كىشىمۇ ئۆزى ئەگىشىدىغان مەلۇم مەزھەپنى تاللىشى لازىم[1].

بىز ئۇنىڭ تاللاش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەيمىزكى: مەزھەپ تاللاشتا ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىشكە، ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشقا، ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا سەلەپلەرنىڭ مەزھىپىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ[2]. گەرچە ساھابىلەر ۋە سەلەپلەر كېيىنكىلەردىن ئالىم ۋە دەرىجىسى يۇقىرى بولسىمۇ، ئىلمىنى رەتلەشكە، ئۇسۇل (قائىدە، يىلتىز)، فۇرۇئ (تارماق ئەھكام) لارنى بېكىتىشكە مەخسۇس ۋاقىت ئاجراتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ تەھرىرلەنگەن، رەتلەنگەن، سىستېمىلىق مەزھىپى يوق. بۇ ئىشلارنى ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ مەزھەپلىرى (فىقھىي قاراشلىرى) نى تاسقىغان، ھادىسىلەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ھۆكۈملىرىگە ئۇل سالغان، ئۇسۇل (قائىدە)، فۇرۇئ (تارماق ئەھكام) لارنى تەتقىق قىلغان ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق كېيىنكى ئىماملار[3] ئىشقا ئاشۇرغان.

ئىمام شافىئىي زامان جەھەتتىن باشقا ئىماملاردىن كېيىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرىنى ئۇلار ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ مەزھىپىنى تەتقىق قىلغاندەك تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، رەتلەپ، ئىلغاپ،

[1] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «تۆرۈك كىشى (ئاۋام - خەلق دېگەن مەنىدە) نىڭ ئەگىشىدىغان مەزھەپ تاللىشى مۇپتى تاللىشىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم». ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 88 - بەت.

[2] بەلكى مۇتىۋەر فىقھىي مەزھەپلەردىن بىرىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ مەزھىپىدىكى مۇپتىلاردىن پەتىۋا سورىشى لازىم. بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

[3] سۇفيان سەۋرىي، لەيس ئىبنى سەئد، ئەۋزائىي قاتارلىق مۇجتەھىد ئىماملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەڭ كۈچلۈكلىرىنى تاللىغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ مەسىلىلەرنى تەسۋىرلەش ۋە قائىدىلەرنى بېكىتىش ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بولغانلىقىنى بايقاپ، پۈتۈن دىققىتىنى تاللاش، تەرجىھ قىلىش (كۈچلۈك قاراشنى تاللاش)، تولۇقلاش ۋە تەھرىرلەش قاتارلىق ئىشلارغا قاراتقان. بۇنىڭغا ئىمام شافىئىينىڭ ھەر تۈرلۈك ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەنلىكى قوشۇلۇپ ئىلگىرىكى ئىماملاردىن ئېشىپ كەتكەن. ئىمام شافىئىيدىن كېيىن ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغان ئالىم كەلمىگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ مەزھىپى ئەگىشىشكە، تەقلىد قىلىشقا ئەڭ لايىق مەزھەپتۇر. مانا بۇ ئىنساب. بۇ ھەرگىز باشقا مەزھەپ ئىماملىرىغا تىل تەگكۈزگەنلىك ئەمەس. يۇقىرىقى سۆزىمىزنى تۆرۈك كىشى ئويلىنىپ باقسىمۇ، ئەقلى ئۇنى ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپىنى تاللاپ، شۇنى تۇتۇشقا يېتەكلەيدۇ[1].

**تۆتىنچى:** ئىككى مۇپتىنىڭ پەتىۋاسى پەرقلىق چىقىپ قالسا، قانداق قىلىدۇ؟

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 88 — 89 ـ بەت. بۇ شافىئىي ئالىملارنىڭ ئۆز مەزھىپى ھەققىدىكى قارىشىدۇر. مەزھىپىنى باشقا مەزھەپلەردىن ئارتۇق كۆرۈش، ئەۋزەل دەپ قاراش مۇتەئەسسىپلىك ئەمەس. يۇقىرىقى سۆزلەر ئىمام نەۋەۋى ۋە ئىبنى سالاھنىڭ مەزھىپىنى ھەققىي چۈشەنگەن ئالىملارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەردۇر. مەزھىپىنى ھەققىي چۈشىنىپ ئەگەشكەن ئالىملارلا مەزھىپىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھېس قىلالايدۇ ۋە مەزھىپىدە چىڭ تۇرالايدۇ. فىقھ ئىلمىنى ياخشى ئىگىلىگەن كىشىلەرلا ئۆز مەزھىپى بىلەن باشقا مەزھەپلەر ئارىسىدىكى پەرقنى ۋە مەزھىپىنى نېمىشقا تاللىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ھەر مەزھەپتىكى كاتتا ئالىملارنىڭ مەزھەپ تاللاشتا ۋە تاللىغان مەزھىپىنى باشقا مەزھەپلەردىن ئەۋزەل دەپ قاراشتا مەلۇم ئاساسلىرى بولىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ باشقا مەزھەپلەردىن ئارتۇق ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنىمۇ نۇرغۇن دەلىللىرى بار. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر شىرازىي (ھ 381 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ: «تقديم مذهب الإمام أبي حنيفة النعمان في الجملة على سائر فقهاء الأمصار»، ئىمام سىراجۇددىن ئەبۇ ھەفس غەزنەۋىينىڭ: «الغرة المنيفة في ترجيح مذهب الإمام أبي حنيفة»، شەيخ ئەكمەلۇددىن بابەرتىينىڭ: «النكت الظريفة في ترجيح مذهب أبي حنيفة» ناملىق كىتابلارغا قاراڭ. — ت.

بۇ مەسىلىدە بەش خىل قاراش بار:

1. ئىككى پەتىۋانىڭ ئەڭ چىڭىنى تۇتىدۇ[1].

2. ئەڭ يەڭگىلىنى تۇتىدۇ[2].

3. ئەۋزەل پەتىۋانى تاللاشقا تىرىشىدۇ. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەڭ ئالىم ۋە ئەڭ تەقۋادار كىشىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتىدۇ[3]. سەمئانىي كەبىر مۇشۇ قاراشنى تاللىغان. ئىمام شافىئىي قىبلە مەسىلىسىدە شۇنىڭغا ئوخشاش گەپ قىلغان.

4. يەنە بىر ئالىمدىن سوراپ، ئۇنىڭ جاۋابى قايسى مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئۇدۇل كەلسە، شۇنى تۇتىدۇ[4].

5. قايسى مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتسا ئىختىيار[5]. بۇ شەيخ

---

[1] ئىككى مۇپتىنىڭ بىرى مۇباھ، يەنە بىرى ھارام دېگەن بولسا، ئىككىسىنى جۇغلاش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، «ھارام» دېگەن پەتىۋانى تۇتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئېھتىيات قىلغانلىقتۇر، ھەق ئېغىردۇر.

[2] چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەق ۋە كەڭچىلىك دىنى بىلەن ئەۋەتىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«مەن كەڭچىلىك (ئۈستىگە قۇرۇلغان)، (ئەمەل قىلىش) ئاسان دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم»**. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان، «كىتابۇل ئىمان» 29 ـ باب. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ**﴾، [سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەت]. ﴿**ئاللاھ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى**﴾، [سۈرە ھەج]، 78 ـ ئايەت.

[3] دىيانەت، ئىلىم ۋە پەرھىزكارلىق جەھەتتە ئەۋزەل مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتىدۇ.

[4] چۈنكى، پەتىۋالار بىر ـ بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ خۇددى دەلىل ۋە راۋىلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئىشەنچنى ئاشۇرغانغا ئوخشايدۇ. خەتىب باغدادىي ۋە ئىبنى ھەمدانلار بۇنى ئوچۇق بايان قىلغان. خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، 2 ـ توم، 204 ـ بەت؛ ئىبنى ھەمدان: «صفة الفتوى والمفتي»، 80 — 81 ـ بەتلەر.

[5] ئىمام ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىي: «بۇ سەھىھ قاراشتۇر» دېگەن ۋە سەھىھ دەپ قارىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «تۆۋەن كىشىدىن ئىجتىھاد قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىشەنچلىك ئالىمدىن سورىسىلا، ئۇ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ» دېگەن. شىيرازىينىڭ: «اللمع» ناملىق كىتابىنىڭ 72 ـ بېتىگە قاراڭ. ئۇ، بۇ قاراشنى فۇتۇھىي قازى ئەبۇ يەئلا، ئەبۇلخەتتاب قاتارلىقلارغا مەنسۇپ قىلغان. فۇتۇھىي ئىمام

ئەبۇ ئىسهاق شىيرازىي ۋە خەتىبنىڭ قارىشىدا ئەڭ سەھىھ قاراشتۇر. بۇ قاراشنى مەھامىلىي «المجموع»نىڭ بېشىدا كۆپچىلىك ئەسهابلىرىمىزدىن نەقىل قىلغان. «الشامل»نىڭ مۇئەللىپى ئىمامۇلهەرەمەيىن جۇۋەينىيمۇ «تۇرۇك كىشى ئىككى مۇپتى ھەممە جەھەتتە تەڭ بولۇپ قالسا، قانداق قىلىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاللانغان قاراش شۇكى، ئەڭ كۈچلۈك پەتىۋانى ئىزدەپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى لازىم[1]. چۈنكى، بۇ، دەلىللەر ئۆزئارا زىت كېلىپ قالغانغا

---

ئەھمەدنىڭ زاھىر قارىشىدىمۇ پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئىككى مۇپتىنىڭ قايسىسىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتسا بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. فۇتۇھىي: «شرح الكوكب المنير»، 4 ـ توم، 580 ـ بەت؛ ئىبنى تەيمىيە: «المسودة»، 519 ـــ 520 ـ بەتلەر. بۇ، كۆپچىلىك شافىئىي ۋە ھەنبەلىي ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

[1] بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى «مۇپتىلار كۆپ بولسا قايسىسىدىن پەتىۋا سورايدۇ؟» دېگەن مەسىلىگە تۇتىشىدۇ يەنى «پەتىۋا سوراشقا بولىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مۇپتى بولسا، پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەڭ ئالىم، ئەڭ پەرھىزكار، ئەڭ ئىشەنچلىك مۇپتىنى ئىزدەپ، شۇنىڭدىن پەتىۋا سورىشى ۋاجىبمۇ ياكى قايسىسىدىن سورىسا بولۇۋېرەمدۇ؟». ئىمامۇل ھەرەمەيىن جۇۋەينىي بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى مۇپتىنى ئىزدىشى ۋاجىب ئەمەس. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى مۇپتىلاردىن پەتىۋا سوراۋەرگەنتى، مۇپتىلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار ئەڭ ئەۋزەل كىشىدىن پەتىۋا سوراشقا چەكلىنىپ قالمىغان ئىدى». جۇۋەينىي: «البرهان»، 2 ـ توم، 1343 ـ بەت. ئىمام غەززالىي جۇۋەينىينىڭ پىكرىنى قوللاپ مۇنداق دېگەن: «پەتىۋا سوراش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇپتىنى ئىزدەش ۋاجىب ئەمەس». غەززالىي: «المنخول»، 479 ـ بەت. شىيرازىي ۋە ئىبنى ھاجىب مۇنداق دېگەن: «تاللانغان قاراش شۇكى، مۇپتىلار كۆپ بولغاندا، گەرچە ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنگەن تەقدىردىمۇ، پەتىۋا سورىغۇچى ئۆزى خالىغان بىرىدىن پەتىۋا سورىسا بولىدۇ. چۈنكى، ساھابىلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئىلىم سەۋىيەسى نورمال مۇپتىلارمۇ پەتىۋا بېرىدىغان ۋە ئۇلاردىن پەتىۋا سورىلىدىغان ئىشلار ئومۇملاشقان ئىدى. مۇسۇلمانلار مۇشۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىغان. بۇ ئەھۋال خالىغان بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سوراشنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾ دېگەن. [سۈرە نەھل، 43 ـ ئايەت]. ئايەتتە قانداق ئىلىم ئەھلىدىن سوراش كونكرېتلاشتۇرۇلمىغان. تۇرۇك

ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا سورىغۇچى بۇنداق ھالەتتە ئىككى مۇپتى ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىنى تاللاپ، شۇنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر ئىككى مۇپتىنىڭ قايسىسىنىڭ بەكرەك ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسە، يەنە بىر مۇپتىدىن پەتىۋا سورايدۇ ۋە ئۇنىڭ پەتىۋاسى ئىلگىرىكى مۇپتىلاردىن كىمنىڭ پەتىۋاسىغا ئۇدۇل كەلسە، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇمۇ مۇمكىن بولمىسا، ئىككى مۇپتىنىڭ بىرى «ھارام»، يەنە بىرى «مۇباھ» دەپ پەتىۋا بەرگەن بولسا ۋە ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن پەتىۋا سورىغان بولسا، «ھارام» دىگەن پەتىۋانى تۇتىدۇ. چۈنكى، بۇ، ئېھتىيات قىلغانلىقتۇر. ئەگەر ئىككى پەتىۋا ھەممە جەھەتتىن تەڭ كېلىپ قالسا، قايسىسىغا ئەمەل قىلسا بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردا تاللاش ئەركىنلىكى بەرمىگەن بولساقمۇ، بۇ مەسىلىدە تاللاش ئەركىنلىكى بېرىمىز. چۈنكى، بۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان، زۆرۈر ئەھۋالدۇر.

يۇقىرىقى (دەلىللەرنىڭ زىت كېلىشى ھەققىدىكى) سۆزلىرىمىز مۇپتىلارغا قارىتىلغان[1]. ئەگەر تۇرۇۋاتقان كىشى شۇنداق ئىشقا دۇچ

---

كىشى مۇجتەھىدنىڭ ئەكسىچە ئىلىم جەھەتتە يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى مۇپتىنى تاللاپ بولالمايدۇ. ئۆلىمالار تۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ تەقلىد قىلىشىنى جائىز دەپ قارىغان. چۈنكى، ئاۋام ـ خەلقنىڭ دىنىي ئەھكاملارنى ئۆزلىرى بىلىشى ۋاجىپ دەپ قاراش ئۇلارنى قىيىنچىلىق ۋە ئۇلارغا زىيان ئۇچرىتىشتۇر. شۇنىڭدەك، ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئەڭ ئىلىملىك مۇپتىنى ئىزدىشى ۋاجىپ» دەپ قاراشمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنى قىيىنچىلىققا سالىدۇ. شىرازى: «التبصرة»، 415 ـ بەت؛ ئىبنى ھاجىب: «منتهى السول»، 222 ـ بەت. ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىراقلىق ئەسھابلىرىمىزنىڭ ئەزىرىدە (سەھىھ) قاراشتۇر ۋە ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك، كۆپچىلىك ئەسھابلىرىمىزنىڭ قارىشىدۇر».

[1] ئىبنى سالاھ رەھىمەھۇللاھ بۇ يەردە «مۇپتى دەلىللەر بىر ـ بىرىگە زىت كەلگەندە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلگە ئەمەل قىلىشى كېرەك» دىگەننى كۆزدە تۇتقاندەك تۇرىدۇ. دەلىللەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىشى پەتىۋالارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، پەتىۋا تۇرۇۋاتقانغا نىسبەتەن دەلىل. ـــ ت.

كەلسە، ئىككى ياكى ئۈچ مۇپتىدىن پەتىۋا سورىسا بولىدۇ. بىز مۇپتىلارغا قانداق پەتىۋا بېرىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق»[1].

شەيخ (ئىبنى سالاھ) تاللىغان بۇ قاراش كۈچلۈك قاراش ئەمەس. كۈچلۈك قاراش ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى قاراشلارنىڭ بىرىدۇر. بەشىنچى قاراش ئەڭ كۈچلۈك قاراش بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تولۇق ئىجتىھاد ئەھلى ئەمەس. ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى لاياقەتلىك مۇپتىدىن پەتىۋا سوراشتۇر. ئۇ ئىككى مۇپتىدىن خالىغان بىرىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتۇش بىلەن ئۆز ئۈستىدىكى پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇ مەسىلە بىلەن ئىمام شافىئىي ئۇچۇقلاشتۇرغان قىبلە مەسىلىسى ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، قىبلىنىڭ بەلگىلىرى ماددىي بەلگە بولۇپ، قىبلىنى توغرا تېپىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى، قىبلە ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئارىسىدىكى پەرقمۇ ئاشكارا. پەتىۋانىڭ بەلگىلىرى بولسا مەنىۋىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجتەھىدلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر گەۋدىلىك نامايان بولمايدۇ.

بەشىنچى: خەتىب باغدادىي مۇنداق دەيدۇ: «يۇرتتا بىرلا مۇپتى بولسا، ئۇنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىش لازىم».

ئەبۇ مۇزەپپەر سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋاغا ئەمەل قىلىش پەتىۋانى ئاڭلاش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىشنى قارار قىلغاندا ياكى پەتىۋا سورالغان ئىشنى قىلىشقا كىرىشكەندە ئاندىن ۋاجىپ بولىدۇ، دېيىشكەنمۇ بولىدۇ».

«پەتىۋانىڭ توغرىلىقىغا قانائەت قىلغاندا ئاندىن ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ» دەيدىغان قاراشمۇ بار. سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەڭ مۇناسىپ قاراشتۇر».

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 165 ـ بەت.

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەمئانىيدىن باشقىلارنىڭ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىم». سەمئانىي يۇقىرىقى سۆزنى دەپ بولۇپ، بىر قىسىم ئۇسۇلۇل فىقھ ئالىملىرىنىڭ مۇپتى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرگەن بولسا، پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ مەزكۇر مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتۇش ياكى باشقا مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتۇش ئىختىيارى بارلىقىنى رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋالدا پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ مۇپتى تاللاشتا ئىجتىھاد قىلىشى ۋە ئىجتىھادى ئارقىلىق تاللىغان مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتۇشى لازىملىقىنى كۈچلەندۈرگەن».

شەيخ ئەبۇ ئەمر ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: «قائىدە بويىچە ئەھۋالغا قارايمىز. ئەگەر باشقا مۇپتى بولمىسا، بار مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تۇتۇشى لازىم. باشقا بىرەر ئىشقا توختاپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ھەتتا پەتىۋانىڭ توغرىلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق[1].

ئەگەر باشقا مۇپتى بولۇپ، پەتىۋا سورىغۇچى پەتىۋا بەرگەن كىشىنىڭ ئەڭ ئىلىملىك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلسە، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭغا مەزكۇر مۇپتىدىن پەتىۋا سوراشتىن باشقا يول بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر پەتىۋا بەرگەن مۇپتىنىڭ ئەڭ ئىلىملىك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، پەتىۋا سوراش بىلەنلا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقا مۇپتىدىن پەتىۋا سورىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشىمۇ جائىزدۇر. ئۇنىڭ پەتىۋاسىنىڭ باشقا مۇپتىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ئوخشاش كېلىشىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەگەر باشقا مۇپتىنىڭ

[1] پەتىۋانىڭ توغرىلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇنىڭغا پەرز بولغىنى پەقەت تەقلىد قىلىشتۇر.

پەتىۋاسىغا ئۇدۇل كەلسە ياكى ھاكىم شۇنداق ھۆكۈم قىلسا، بۇ ۋاقىتتا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ»[1].

ئالتىنچى: ئىلگىرى پەتىۋا سوراپ بولغان مەسىلىگە تەكرار دۇچ كەلسە، يەنە قايتا پەتىۋا سوراش كېرەكمۇ؟[2]

بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار:

بىرىنچى: قايتا پەتىۋا سوراش كېرەك. چۈنكى، مۇپتىنىڭ پەتىۋاسى ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى خىل قاراش: قايتا پەتىۋا سورىمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ، سەھىھ قاراشتۇر. چۈنكى، ئۇ، مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى ئىلگىرى بىلىپ بولغان. مۇپتىنىڭ قارىشىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى ئەسلىدۇر. «شامىل» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى (ئىمامۇلھەرەمەيىن جۇۋەينىي) بۇ يەردىكى ئىختىلاپنى تىرىكلەرگە تەقلىد قىلىشقا قاراتقان. ئۆلۈكلەردىن نەقىل قىلىنىپ بېرىلگەن پەتىۋادا قايتا سوراش كېرەك ئەمەس، دەپ كېسىپ ئېيتقان. توغرىسى، بۇ ئىختىلاپ تىرىككە تەقلىد قىلىشقىلا خاس ئەمەس. چۈنكى، ئۆلۈكلەرنىڭ مەزھىپىگە تەقلىد قىلىدىغان مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

يەتتىنچى: ئۇزى بىۋاستە بېرىپ پەتىۋا سورىسىمۇ، ئىشەنچلىك بىرىنى ئەۋەتىپ پەتىۋا سورىسىمۇ ياكى ئىشەنچلىك كىشى خەتنىڭ

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 1 ـ توم، 90 ـ بەت.

[2] بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك تەپسىلات بار: ئەگەر مۇپتى «مۇجتەھىد مۇستەقىل» بولۇپ، ئىلگىرى بەرگەن پەتىۋاسى ۋە پەتىۋاسىنىڭ دەلىلى ئېسىدە بولسا ياكى مەزھەپكە تەۋە مۇجتەھىد بولۇپ، مەزھەپتىكى دەلىلى ئېسىدە بولسا، (قايتا ئىزدىنىشتىن) پەتىۋا بېرىۋەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئىلگىرىكى پەتىۋاسى ئېسىدە بولۇپ، دەلىلى ئېسىدە بولمىسا، ئىلگىرىكى پەتىۋاسىدىن يانىدىغان بىرەر سەۋەب يۈز بەرمىگەن بولسا، بەزى ئالىملار: «پەتىۋا بېرىۋەرسە بولىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بولمايدۇ» دەيدۇ. ئەڭ توغرىسى، قايتا ئىزدەنمەي تۇرۇپ پەتىۋا بەرسە بولمايدۇ. ئەگەر پەتىۋاسىمۇ، دەلىلىمۇ ئېسىدە بولمىسا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن قايتا ئىزدىنىپ پەتىۋا بېرىشى ۋاجىپ. «پەتىۋا» ناملىق كىتابىمىزنىڭ 107 ـ بېتىگە قاراڭ.

HAKSEVER

مۇپتىنىڭ خېتى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە ۋە خەتنىڭ مۇپتىنىڭ خېتى ئىكەنلىكىگە شەك قىلمىسا، شۇ خەتكە تايانسىمۇ بولىدۇ[1].

سەككىزىنچى: پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى[2]؛ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ھۆرمىتىنى قىلىشى؛

[1] ئىبنى سالاھ: «أدب المفتي والمستفتي»، 91 ـ بەت.

[2] پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىدىن سوئال سوراشتا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشى، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىقى، مۇپتىنىڭ ئالدىدا كامالى ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشى، ئۇنىڭغا قوپال تەلەپپۇزدا سۆزلىمەسلىكى، ئەكسىچە، يۇمشاق تەلەپپۇزدا خىتاب قىلىشى، ھۆرمەت بىلەن گەپ قىلىشى، كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى لازىم. چۈنكى، مۇپتىلىق ناھايىتى يۇقىرى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا سورىغۇچى بۇ ماقامنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى لازىم. پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىدىن بەك كۆپ سوئال سورىماسلىقى، بولۇپمۇ دىنغا پايدىسىز سوئالنى كۆپ سورىماسلىقى كېرەك. كېرەكلىك جاۋابنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە سوئال سوراش پەتىۋا سوراشنىڭ ئەدەپلىرىگە زىت ئىشتۇر. شۇنداقلا، ھازىرچە ئېھتىياج چۈشمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سوراش ۋە خاتالاشتۇرىدىغان سوئاللارنى سوراشمۇ ئەدەپ جۈملىسىدىن ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق سوئاللارنىڭ كىشىنىڭ دىنىغا پايدىسى يوق. ئەقىل ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان ئىبادەتلەرنىڭ سەۋەبى ياكى قۇرئان، ھەدىسلەردىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە سوئال سوراشمۇ ئەدەپ جۈملىسىدىن ئەمەس. چۈنكى، بۇلار پەقەت قىيامەت كۈنىلا بىلىنىدىغان مەسىلىلەردۇر. ساھابىلەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ھەققىدە سوئال سوراشمۇ پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا زىتتۇر. چۈنكى، بۇ ھەقتىكى سوئاللار ساھابىلەرگە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. سوئال سوراش جەريانىدا تەرسالىق قىلىش، مۇپتىنى ئار يەردە قىستاش، مات قىلىش، مۇنازىرىلىشىپ يېڭىۋېلىش ئۈچۈن سوئال سوراش قاتارلىقلارمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت ئىشلاردۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى ئاداۋەتخور، جېدەلخور كىشىدۇر».** سەھىھۇل بۇخارىي، 2457 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، 2668 ـ نومۇرلۇق ھەدىس. پەتىۋا سوراش ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىت تاللاش پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپلىرى جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتى غەمناك، ئىچى پۇشۇق، كۆڭلى جايىدا ئەمەس ۋاقىتلاردا پەتىۋا سورىماسلىقى ۋە بۇ ئەھۋاللار تۈگىشىۋالغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم. شاتىبىي رەھىمەھۇللاھ «الموافقات» ناملىق كىتابىدا پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەپلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئېسىل بىر گەپنى قىلغان. ئۇنىڭ گېپىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. شاتىبىي مۇنداق دەيدۇ: «... بۇنداق ئەھۋاللاردا سوئال سوراش يامان كۆرۈلىدۇ. بۇلارغا باشقا ئەھۋاللارنىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس. بەزى ئەھۋاللاردا سوئال سوراش يېنىك دەرىجىدە مەكرۇھ بولسا، بەزى ئەھۋالدا ئېغىر دەرىجىدە مەكرۇھ بولىدۇ، بەزىدە ھارامىمۇ بولىدۇ. بەزىدە (ھارام ياكى مەكرۇھلۇقى) ئىختىلاپلىق بولىدۇ». شاتىبىي

يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلماسلىقى؛ ئۇنىڭغا: «بۇ ھەقتە نېمىلەرنى بىلىسەن؟ بۇ مەسىلىدە ئىمامىئىنىڭ ياكى شافىئىينىڭ مەزھىپى قانداق؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماسلىقى؛ مۇپتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە: «مەن شۇنداق دەيمەن، مەن شۇنداق ئىشقا دۇچار بولدۇم، ماڭا پالانى ياكى سەندىن باشقىلار مۇنداق پەتىۋا بەرگەن، جاۋابىڭ سوئال سورىغۇچىنىڭ ئويلىغىنىغا ئۇيغۇن كەلسە ياز، بولمىسا يازما» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقى؛ مۇپتى ئۆرە تۇرغان، بىئارام بولغان، چارچىغان، غەمناك... ۋاقىتلاردا پەتىۋا سورىماسلىقى لازىم.

ياشتا چوڭ، ئىلىملىك مۇپتىلارنى ئاۋۋال ئويلىششى، ئەگەر بىر ۋاراققا بىرنەچچە سوئالنى جەملىمەكچى بولسا، مۇھىم سوئاللارنى باشقا تىزىشى لازىم.

ئەگەر سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئايرىم ـ ئايرىم قەغەزگە يازدۇرماقچى بولسا، خالىغانچە تىزسا بولىدۇ. مۇپتى جاۋابىنى كەم ـ كوتىسىز، مەقسىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ يازالىشى ئۈچۈن پەتىۋا يازدۇرماقچى بولغان قەغەز كەڭ بولۇشى[1]، مۇپتىمۇ پەتىۋا سورىغۇچىغا دۇئا قىلىشنى تەرك ئەتمەسلىكى لازىم.

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرلا مۇپتىدىن پەتىۋا سورىماقچى بولسا: ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن ياكى ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن ياكى ئاللاھ سېنى ھەقكە مۇۋەپپەق قىلسۇن، سېنى

«(الموافقات)»، 4 ـ توم، 319 — 321 ـ بەتلەر. ئاخىرىدا شۇنداق دېيىلەيمىزكى، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا سورىغۇچى ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىشى، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلىشى، مۇپتىغا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنى ھۆرمەتلىشى، ئۇنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇشى، سوئال سوراش ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشى، سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياخشى دۇئالارنى قىلىشى لازىم. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، بارار جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

[1] چۈنكى، قەغەزنىڭ ئاق يېرى ئاز بولسا، مۇپتى خەتنى قىسقا يېزىپ، سوئالغا ئەترابلىق جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

توغرا يولغا باشلىسۇن، ئاتا ـ ئاناڭدىن رازى بولسۇن! (بۇ مەسىلىدە) نېمە دەيسەن؟» دېسە بولىدۇ؛ «ئاللاھ بىزگە ۋە ساڭا رەھىم قىلسۇن!» دېسە ياخشى بولمايدۇ[1].

ئەگەر بىرنەچچە ئالىمدىن پەتىۋا سورىماقچى بولسا: «ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن! (بۇ مەسىلە ھەققىدە) نېمە دەيسىلەر؟ ياكى فىقھشۇناسلار نېمە دەيدۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن!» دېيىشى كېرەك.

مۇپتىنى قەغەزنى ئاچقىلى ۋە قاتلىغىلى سالماسلىق ئۈچۈن، قەغەزنى ئېچىلغان ھالدا تەگلىسۇن، ئېچىلغان ھالدا قولىدىن ئالسۇن[2].

**توققۇزىنچى:** سوئالنى مەقسەتنى ياخشى ئىپادىلىيەلەيدىغان، ياخشى چۈشىنىدىغان، خېتى چىرايلىق، خاتا ئىپادىلەپ قويمايدىغان كىشى يېزىشى لازىم[3].

---

[1] پەتىۋا سورىغۇچى مۇپتىغا خىتاب قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولغاندىكىن، دۇئانى ئۇنىڭغا خالىس قىلسۇن، ئۆزىنى شېرىك قىلمىسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەدەپكە زىت دېمەكچى. بۇ خۇددى چۈشكۈرگەن ئادەمگە «يەرھەمۇكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېگەنگە ئوخشايدۇ. چۈشكۈرگۈچىمۇ قايتۇرۇپ، «يەھدىيكۇمۇللاھۇ ۋە يۇسلىھۇ بالكۇم» (ئاللاھ سىزنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋالىڭىزنى ئىسلاھ قىلسۇن) دەيدۇ. يەنى چۈشكۈرۈش جەريانىدا قىلىنىدىغان دۇئالاشمىلار چۈشكۈرگۈچى ۋە جاۋاب قايتۇرغۇچى ئارىسىدا شېرىكسىز، يەككە ھالدا ئېلىپ بېرىلغانغا ئوخشاش، مۇپتىغا قىلىنىدىغان دۇئامۇ شېرىكسىز قىلىنسۇن. — ت.

[2] مۇپتىغا ئەدەپ ساقلاش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن شۇنداق قىلسۇن دېمەكچى.

[3] ئىبنى سالاھ مۇنداق دەيدۇ: باغدادتا بىر كىشى خەت ئارقىلىق «سەن تالاق ئەگەر...» دېگەن كىشى ھەققىدە پەتىۋا سوراپ خەتنىڭ «سەن تالاق ئەگەر» دېگەن يېرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن شەرت جۈملىنى ئوقۇشتىن توختىۋالغان ۋە:
— ئى ھۆرمەتلىك ئۆلىمالار! ئايالىغا: «سەن تالاق ئەگەر» دېگەن يەنى «ئەگەر» دېيىلا توختىۋالغان كىشى ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سورىغان. ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە ئۆزئارا مۇلاھىزىلەرنى قىلغاندىن كېيىن، خەتنى ھەنەفىي ئالىملىرىدىن ئەبۇلھەسەن كەرخىيگە ئەۋەتكەن (ئەبۇ مۇجالىد زەرىرگە ئەۋەتكەن دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار).

سەيمەرىي مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋانى ئىلىملىك كىشىلەر يېزىپ بەرگىنى ياخشى».

بەزى مەشھۇر فىقھشۇناسلار يۇرتنىڭ مەلۇم ئەھلى ئىلىملىرى يېزىپ بەرمىگەن سوئاللارغا پەتىۋا بەرمەيتتى.

تۆرۈك كىشىلەر مۇپتىدىن بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ دەلىلىنى سورىماسلىقى[1]، «نېمىشقا بۇنداق پەتىۋا بەردىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىماسلىقى لازىم.

ئەگەر دەلىلىنى ئاڭلاپ قەلبىنى ئارام تاپقۇزاي دەپ قالسا[2]،

---

كەرخىي ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بايقاپ، مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن. كەرخىينىڭ جاۋابى مەزكۇر ئۆلىمالارغا يارىغان.

[1] بۇ مەسىلە «پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ پەتىۋانىڭ دەلىلىنى سورىشى» دېگەن مەسىلىنىڭ ئاستىغا كىرىدۇ. ئۆلىمالار تۆرۈك كىشىنىڭ مۇپتىدىن پەتىۋاسىنىڭ دەلىلىنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن «نېمىشقا؟ قانداق؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، مۇجتەھىدنىڭ پەتىۋاسى ئاۋام ـ خەلققە نىسبەتەن شەرئىي دەلىل ھېسابلىنىدۇ. مۇجتەھىدنىڭ قۇرئان، سۈننەت، ئىجماڭ، قىياس دېگەندەك شەرئىي دەلىللەرگە ئەگىشىشى كېرەك بولغىنىدەك، دەلىللەرنى بەكۈنلەش، دەلىللەرگە قاراپ چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان مۇقەللىد (تەقلىد قىلغۇچى، ئەگەشكۈچى) ئىگىمۇ مۇجتەھىدنىڭ سۆزىگە ئەگىشىشى، مۇجتەھىدنىڭ پەتىۋالىرىنى دەلىلىنى سورىمايلا قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، مۇجتەھىدلەرنىڭ دەلىلىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ (تۆرۈك كىشىگە نىسبەتەن) پەرقى يوق. ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **﴿بىلمىسەڭلار، بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار﴾**، [سۈرە نەھل، 43 ـ ئايەت]. پەتىۋا سورىغۇچى ئىلىمسىز مۇقەللىد بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پەقەت بىلىدىغانلاردىن سوراش ۋە دىنىي مەسىلىلەردە ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئەھلى ئىلىملەر تۆرۈككە نىسبەتەن شارىئ (يەنى شەرىئەت بېكىتكۈچى) نىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، مۇپتىنىڭ سۆزىنىڭ ئۆزىلا پەتىۋا سورىغۇچى ئىلىمسىز كىشىگە نىسبەتەن دەلىلدۇر. بۇ نۇقتىلارغا ئىمام شاتىبىي «الموافقات»، 4 ـ توم، 215 — 216 ـ بەتلەردە ئىشارەت قىلغان.

[2] بۇ مەسىلە «پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ پەتىۋاغا ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن قەلبىنىڭ ئارام تېپىشى» دېگەن تېمىغا كىرىدۇ. بۇ مەسىلىدە مېنىڭ قارىشىم شۇكى، ئۆلىمالار پەتىۋا سورىغۇچى پەتىۋاغا قانائەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ياكى قەلبىدە پەتىۋاغا نىسبەتەن شەك، گۇمان، ئىككىلىنىش دېگەندەك تۇسالغۇلار بولۇپ، مۇپتىنىڭ پەتىۋا بەرگەنلىكى

باشقا سورۇندا ياكى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە پەتىۋانى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئايرىم سورىسا بولىدۇ.

سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «پەتىۋانىڭ دەلىلىنى تەلەپ قىلىش چەكلەنمەيدۇ. پەتىۋانىڭ دەلىلى قەتئىي دەلىل بولسا، مۇپتى دەلىلىنى دەپ بېرىشى لازىم؛ قەتئىي دەلىل بولمىسا، دەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، قەتئىي بولمىغان دەلىللەر ئىجتىهادقا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋام ـ خەلق ئۇلارنى چۈشىنەلمەيدۇ»[1].

توغرىسى ئاۋۋالقى قاراشتۇر.

## □ شەرىئەتنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىش مەسىلىسى

ئۆز يۇرتىدىنمۇ ياكى باشقا يۇرتتىنمۇ دۇچ كەلگەن مەسىلىگە پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتى ياكى مەسىلىنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمىنى نەقىل قىلىپ بېرىدىغان ئەھلى ئىلمى تاپالمىغان كىشى قانداق

---

ئۇچۇنلا ئەمەلگە قەدەم قويۇۋېرىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگىمۇ بىرلىككە كەلگەن. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**كىشىلەر نېمە دەپ پەتىۋا بەرسە بەرسۇن، قەلبىڭدىن پەتىۋا سورا**» دېگەن سۆزىدۇر. «سۈنەن دارىمىي»، 2 ـ توم، 696 ـ بەت، 2438 ـ نومۇرلۇق، «مۇسنەد ئەھمەد»، 4 ـ توم، 311 ـ بەت، 17966 ـ نومۇرلۇق ھەدىس. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا سورىغۇچى ئاۋۋال قەلبىدىن پەتىۋاغا قانائەت ھاسىل قىلدىمۇ يوق؟ سوراپ بولغاندىن كېيىن، قەلبىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، ئۆزىدىن شەك، ئىككىلىنىش قاتارلىقلارنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن پەتىۋا سورۇنىدىن باشقا يەردە پەتىۋانىڭ دەلىلىنى سورىسا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ: «ئەگەر دەلىلىنى ئاڭلاپ قەلبىنى ئارام تاپقۇزاي دەپ قالسا، باشقا سورۇندا ياكى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە پەتىۋانى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايرىم سورىسا بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھۆكۈملەر پەتىۋانىڭ دەلىلى ئىجتىھادىي دەلىل بولغان ۋە پەتىۋا سورىغۇچى پەتىۋاغا ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا قارىتىلغان. ئەگەر پەتىۋانىڭ دەلىلى ئوچۇق نەس (ئايەت، ھەدىس) ياكى ئىجماﺋ دېگەندەك قەتئىي دەلىل بولسا، مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە دەلىلىنى بىللە دەپ بەرسە ياخشى. بۇنداق ئەھۋالدا، پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ پەتىۋاغا ئىككىلەنمەستىن، شەك قىلماستىن ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر پەتىۋا سورىغۇچى ئىجتىھادىي پەتىۋاغا ئەمەل قىلىپ بولغان بولسا، يېنىۋېلىشى جائىز ئەمەس.

[1] ئىبنى ھەمەدان: «صفة الفتوى»، 84 ـ بەتتە سەمئانىيدىن نەقىل قىلغان.

قىلىدۇ؟

**شەيخ (ئىبنى سالاھ) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇسۇل مەسىلىلىرىدىن بىرى بولغان شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىش مەسىلىسىگە كىرىدۇ»[1].**

[1] «ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشى» نامىدىكى بۇ مەسىلە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلە بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىر قىسىم ئالىملار «مۇمكىن» دەپ قارىغان. ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەلىللىرى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز**﴾ [سۈرە ھىجر، 9 ـ ئايەت]. بۇ ئۇقتىدا سەۋەبنىڭ خاسلىقىغا ئەمەس، بەلكى لەپزىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا قارىلىدۇ. بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىشنىڭ سەۋەبى: شەرىئەت قۇرئاندىن كېلىدۇ، ئاللاھ تائالا بىزگە قۇرئاننى قوغدايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. «قوغداش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى» دېگەنلىك ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«شەكسىزكى، ئاللاھ بۇ دىننى (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋىسى يوق قەۋملەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ»**. تەبەرانىي «المعجم الأوسط»تە رىۋايەت قىلغان، 2 ـ توم، 268 ـ بەت. بۇ ھەدىسنىڭ ئىما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: بۇ دىننىڭ كۈچلىنىشى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئەھۋال بۇ دىننىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ شۇنىڭدەك، بۇنىڭدىن بۇ دىننىڭ ھەتتىي ئۆزگىرىپ قالمايدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. ئاۋادا شەرىئىتىمىز ئۆزگىرىپ قالىدىغان ئىش بولسا، بۇ ئۆزگىرىش قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارىغۇچىلارنىڭ دەلىللىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالا ئىلىمنى ئۆلىمالارنىڭ دىللىرىدىن بىراقلا تارتىۋالمايدۇ، بەلكى ئۆلىمالارنى ۋاپات تاپقۇزۇش ئارقىلىق تارتىۋالىدۇ، ھەتتاكى ئالىم قالمىغان ۋاقىتتا كىشىلەر ئىلىمسىز جاھىللارنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋالىدۇ ـ دە، ئۇلار ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ (ئۆزىمۇ) ئازىدۇ، (باشقىلارنىمۇ) ئازدۇرىدۇ»**. سەھىھۇل بۇخارىي، 100 ـ نومۇرلۇق ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، 2673 ـ نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىشنىڭ سەۋەبى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە شەرىئەتنىڭ كەلگۈسىدە ئۈچىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن، شەرىئەت ئۈچتى دېمەك، يوقالدى دېمەكتۇر. شەرىئەتنىڭ يوقىلىشى شەرىئەتنى يەتكۈزىدىغان ئالىملارنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بولىدۇ. مانا بۇ بىز دەۋاتقان شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **«ئۈممىتىمنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئىككى كىشى مىراس ھەققىدە دەتالاش قىلىشىپ، ئاللاھ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان كىشى تاپالمايدۇ»**، «مشكاة المصابيح»، 268 ـ نومۇرلۇق ھەدىس. ئىمامۇلھەرەمەيىن جۇۋەينىي شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنى جائىز دەپ قارىغۇچىلارنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ تاللىشىمىز شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن جائىز ئىكەنلىكىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەقلىگە زىت كېلىدىغان تەرىپى يوق... ئۇستازىمىز ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىي بۇ

بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى شەرىئەت كېلىشتىن (پەيغەمبەر كېلىشتىن) بۇرۇنقى مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ[1].

بۇ مەسىلىدىكى سەھىھ قاراش شۇكى، بۇنداق ئەھۋالدا مەزكۇر كىشىدىن مەسئۇلىيەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؛ پەرز، ھارام قاتارلىق ھۆكۈملەر يوقايدۇ؛ قىلغان ئىشلىرىدىن سوراققا تارتىلمايدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

---

قاراشنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، ئۇ، بۇ قارىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان يەنە بىر قاراشنىمۇ قوشۇپ مۇنداق دېگەن: «شەرىئەت تۈزۈلۈپ قالسىمۇ، بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى تەكلىپلەر (ئىبادەتلەر) قېلىۋېرىدۇ». ئۇستازىمىز بۇ سۆزنى «كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش جائىز» دېگەن قائىدىگە ئاساسەن ئېيتقان». جۇۋەينىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇستازىمىز ئەبۇ ئىسھاق ئىسفرايىينىمۇ شەرىئەتنىڭ تۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى تاللىغان بولسىمۇ، «تەكلىپلەرنى بېكىتىش» تە ئۇستاز ئەبۇلھەسەندىن ئايرىلىۋالغان. ئۇ: شەرىئەت تۈزۈلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ بەندىلەر ئۈستىدە ساغلام ئەقىللەرنىڭ پەتىۋاسى بويىچە ئىبادەت قىلىش قېلىۋېرىدۇ» دېگەن. جۇۋەينىي: «البرهان»، 2 ـ توم، 1523 ـ بەت. ئىمام جۇۋەينىي بۇ قاراشقا قايىل بولمىغان، چۈنكى ئەقىل ئىشلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ؛ ياخشى ـ يامانىنى ئەقىل ئەمەس، بەلكى شەرىئەت بەلگىلەيدۇ.

[1] شەرىئەت تۈزۈلۈپ قالغان زاماندا بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن كىشى مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى سورايدىغان كىشى تاپالمىسا، مەسىلىنىڭ ھۆكمى شەرىئەت كېلىشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش «ئەسلى مۇباھلىق» ھالىتىدە قالىدۇ. ئىمامۇلھەرەمەين جۇۋەينىي بۇ مەسىلىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتنىڭ فۇرۇئ (تارماق ئەھكاملىرى) ۋە ئۇسۇل (ئۇل ـ قائىدە) لىرى ئۆچۈپ، (شەرئىي مەسىلىلەردە) مۇراجىئەت قىلىنىدىغان، پەتىۋاسىغا تايىنىلىدىغان كىشى قالمىسا، بەندىلەردىن تەكلىپ (يەنى ئىبادەت) لەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىسلام دەۋىتى يەتمىگەن، شەرىئەت بىلەن ئۇچرىشالمىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولىدۇ». جۇۋەينىي: «الغياثي»، 526 ـ بەت، 844 ـ ئابزاس.

ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە تەۋپىقى بىلەن ئىمام نەۋەۋىنىڭ «آداب الفتوى والمفتى والمستفتى» (پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى) ناملىق كىتابىغا يازغان ئىزاھاتلىرىمىز تامام بولدى. ئاللاھ ئىمام نەۋەۋىگە رەھىم قىلسۇن، قەبرىسىنى خۇشپۇراققا تولدۇرسۇن!

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن!

# خاتىمە

ھەر باشلىنىشنىڭ بىر ئاخىرلىشىشى بولىدۇ. بۇ كىتاب بىر قىسىم مۇھىم نۇقتىلار ۋە نەتىجىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاتىمە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلار:

1. «پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى ئىلمى»مۇ باشقا ئىلىملەرگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىمنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئاساسلىرى، قائىدىلىرى، شەرتلىرى ۋە تۈزۈملىرى بار.

2. پەتىۋا ئىلمىنىڭ تارىخىي يىلتىزى، ئىسلامىي ئاساسى بار. بۇلار كىتاب، سۈننەت ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىدا بايان قىلىنغان.

3. ئىسلامدىكى تۇنجى مۇپتى رەھبىرىمىز ﷺ دۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەزىپىگە تۆت خەلىپە، پېشقەدەم ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئەمەلكار ئۆلىمالار ۋارىسلىق قىلغان. شۇنداقلا، تەقۋادار ئالىملار بۇ ۋەزىپىنى تا قىيامەتكىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

4. مۇپتى - دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلالايدىغان مۇجتەھىد، فىقھشۇناستۇر. ئۇ «مۇستەقىل مۇجتەھىد» بولۇشىمۇ ياكى مەلۇم مۇجتەھىد ئىمامغا ئەگىشىدىغان تەخرىج، تەرجىھ ياكى ۋۇجۇھ ئالىملىرى دەپ ئاتىلىدىغان «مەزھەپ مۇجتەھىد»لىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

5. زامان مۇجتەھىدسىز قالغاندا، نەقىلچى مۇپتىلارنىڭ مۇپتىلىق مەنسىپىگە تەيىنلىنىشىمۇ جائىز. شەرت شۇكى، فىقھىي ئىقتىدارى

يېتىلگەن، مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە مۆتىۋەر مەزھەپ كىتابلىرىدىكى مەنبەلىرىنى بىلىدىغان بولۇشى ياكى شۇنىڭغا يېقىنلىششى لازىم.

6. ئىمام (خەلىپە ياكى پادىشاھ) نىڭ مۇپتىلىققا لاياقەتلىك كىشىلەرنى تەيىنلىشى ۋاجىپ. ئىمام لاياقەتلىك مۇپتى تاللاشتا ئۆلىمالارنىڭ گۇۋاھلىقىغا تايانسا بولىدۇ.

7. ئىشەنچلىك، كۈچلۈك، مەشھۇر قاراشقا ئاساسلانغاندا، ۋاپات بولۇپ كەتكەن مۇجتەھىد ئىمامغا تەقلىد قىلىپ پەتىۋا بېرىش جائىز.

8. پەتىۋا سورىغۇچى يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىن مۇپتى ياكى دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى نەقىل قىلىپ بېرىدىغان بىرەر ئالىمنى تاپالمىغان ۋاقىتتا، سەھىھ قاراشتا ئۇنىڭدىن مەسئۇلىيەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋاجىپ، ھارام دېگەن ھۆكۈملەر قالمايدۇ؛ ئۇ دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ ھۆكمى شەرىئەت كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەسلىي مۇباھلىق ھالىتىدە قالىدۇ. بۇ مەسىلە «ئاخىر زاماندا شەرىئەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش مەسىلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

9. پەتىۋانىڭ خەتىرى ئىنتايىن چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەتىۋا بېرىشتە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم. لېكىن، ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ياكى زۆرۈر بولغاندا مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا بولمايدۇ.

بۇلار مەن بۇ رىسالىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بايقىغان مۇھىم نۇقتىلاردۇر. بۇلارنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ناھايىتى زۆرۈر. بۇ نۇقتىلارغا ئەمەل قىلغايسىز.

باشتىن ـ ئاخىر جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. « «رەھمەت بولۇپتىلىرى» دەپ سۈپەتلەنگەن پەيغەمبىرىمىز ﷺ گە ئەزەلىي، ئەبەدىي، ئۈزۈلمەس، مەڭگۈلۈك، ئىلاھىي، رەببانىي، بۈيۈك رەھمەتلەر بولسۇن!

# ئايەتلەر مۇندەرىجىسى

| ئايەت | سۈرە ئىسمى | ئايەت نومۇرى | بەت نومۇرى |
|---|---|---|---|
| ﴿ئەلىف، لام، مىم﴾ | بەقەرە | 1 | 145 |
| ﴿بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز﴾ | بەقەرە | 32 | 126 |
| ﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ | بەقەرە | 185 | 63، 163 |
| ﴿ئەگەر ئەرلىرى يارىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارغا قايتىشقا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر﴾ | بەقەرە | 228 | 143 |
| ﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنى) بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ﴾ | ئال ئىمران | 106 | 120 |
| ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾ | ئال ئىمران | 159 | 125 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ | نىسا | 59 | 17، 53، 54 |
| ﴿ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾ | نىسا | 141 | 65 |
| ﴿ئۇلار سەندىن پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ﴾ | نىسا | 176 | 15 |
| ﴿بەلكى، ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر﴾ | مائىدە | 64 | 145 |
| ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾ | مائىدە | 101 | 102 |
| ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾ | تەۋبە | 122 | 54 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾ | ھىجر | 9 | 174 |
| ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى﴾ | تاھا | 5 | 144، 145 |
| ﴿ئى رەببىم! دىلىمنى ئېچىۋەتكىن!﴾ | تاھا | 25 | 126 |
| ﴿قانداق قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق﴾ | ئەنبىيا | 79 | 126 |
| ﴿ئاللاھ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى﴾ | ھەج | 78 | 163 |
| ﴿قولۇڭغا بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىڭنى ئۇرغىن، قەسىمىڭنى بۇزمىغىن﴾ | ساد | 44 | 109 |
| ﴿حم﴾، ﴿عسق﴾ | شۇرا | 1-2 | 145 |
| ﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر﴾ | ھەدىد | 4 | 144 |
| ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن توختىغانلارنىڭ ئىددىتى توغرۇلۇق شەك قىلىپ قالساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر﴾ | تالاق | 4 | 144 |

HAKSEVER

# ھەدىسلەر مۇندەرىجىسى

| ھەدىس | بەت نومۇرى |
|---|---|
| كىشىلەر جاھىللارنى ئۆزلىرىگە باش سايلىۋالىدۇ ـ دە، ئۇلاردىن پەتىۋا سورىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ. | 52 ، 61 ، 174 |
| سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەتلىكراقىڭلار دوزاخقا كىرىشكە ئەڭ جۈرئەتلىك بولغىنىڭلاردۇر. | 20 ، 52 |
| پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ھەم ئېھرام ھالىتىدە تۇرۇپ لوڭقا قويغان. | 76 |
| كىشىلەر نېمە دەپ پەتىۋا بەرسە بەرسۇن، قەلبىڭدىن پەتىۋا سورا. | 173 |
| لوڭقا قويغۇچى ۋە لوڭقا قويدۇرغۇچىنىڭ روزىسى سۇنۇپ كېتىدۇ. | 76 |
| ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، كەلگەنلەر كەلمىگەنلەرگە يەتكۈزسۇن. | 16 |
| ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى ئاداۋەتخور، جېدەلخور كىشىدۇر. | 169 |

| | |
|---|---|
| شەكسىزكى، ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. | 16 |
| ئاللاھ تائالا ئىلىمنى بەندىلەردىن يۇلۇپلا تارتىۋالمايدۇ، بەلكى ئۆلىمالارنى ۋاپات تاپقۇزۇش ئارقىلىق تارتىۋالىدۇ. | 52 |
| شەكسىزكى، ئاللاھ بۇ دىننى (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋىسى يوق قەۋملەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. | 174 |
| ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى (ئۇممۇ ھەبىيبەنىڭ قىز قېرىندىشى) غا ئۆيلەنگىن. | 129 |
| ھەر قانداق تېرە ئاشلانسا پاك بولىدۇ. | 144 |
| مەن كەڭچىلىك (ئۇستىگە قۇرۇلغان)، (ئەمەل قىلىش) ئاسان دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم. | 163 |
| ئۇممىتىمنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئىككى كىشى مىراس ھەققىدە دەتالاش قىلىشىپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان كىشى تاپالمايدۇ. | 174 |
| ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. | 53 |
| ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق ئىش بەرىكەتسىزدۇر. | 127 |
| ئەمەل ـ مەنسەپ سورىمىغىن. سوراپ ئېرىشسەڭ، ياردەمسىز قالىسەن. | 59 |

| | |
|---|---|
| ۋەلىسىز نىكاھ بولمايدۇ. | 143 |
| كىمكى شېرىك قۇلنى ئازاد قىلىۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئازاد قىلغۇچى باي بولسا، شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنى باھاسىنى ئېتىپ، تۆلەپ بېرىدۇ. | 90 |
| كىمكى ئېزىدەنمەستىن پەتىۋا بەرسە، (شۇ پەتىۋاغا تايىنىپ قىلىنغان يامان ئىشنىڭ) گۇناھى پەتىۋا بەرگەن كىشىگە بولىدۇ. | 52 |
| ساھابىلىرىمنى تىللىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار. | 135 |
| ھاراق ئىچكەن كىشىنى دەررە ئۇرۇڭلار. تەكرار ئىچسە، تۆتىنچى قېتىمدا ئۆلتۈرۈڭلار. | 76 |
| ھەر كۈنى پەرز نامازدىن باشقا ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ جەننەتتە بىر ئۆي سالىدۇ. | 129 |
| كىمكى قېرىندىشىغا «ئى كاپىر» دېسە، ئەگەر دېگىنى راست بولسا، قېرىندىشى كاپىر بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، سۆز ئېگىسىگە قايتىدۇ. | 130 |
| قۇلنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى ئۆلتۈرىمىز. | 135 |
| ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇش چەكلەنگەن. | 129 |
| دېڭىزنىڭ سۈيى پاكلىغۇچى، دېڭىزدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھالال. | 122 |

# مەشھۇر شەخسلەر مۇندەرىجىسى

| بەت نومۇرى | ئىسمى |
|---|---|
| 79 | ئىبنى بەرھان |
| 54 | ئىبنى مۇنكەدىر |
| 77 | ئەبۇ ئىسھاق ئىسفرايىينىي |
| 120 | ئەبۇ ئىسھاق شىرازىي |
| 49-50 | ھاپىز ئەبۇ بەكرى باغدادىي |
| 111 | ئەبۇ ھاتەم قەزۋىينىي |
| 121 | ئەبۇلھەسەن قابىسىي |
| 160 | ئىلكىيا ھىراسىي |
| 55 | ئەبۇھەسىن |
| 156 | ئەبۇلئابباس ئىبنى سۇرەيج |
| 97 | ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمىي |
| 50 | ئىبنى سالاھ |

| | |
|---|---|
| ئىبنى ئابدۇلبەر | 149 |
| ئەبۇلقاسىم سەيمەرىي | 49 |
| ئەبۇلمەھاسىن رويانىي | 97 |
| ئەبۇ مۇھەممەد جۇۋەينىي | 97 |
| ئەبۇ مۇزەپپەر سەمئانىي | 112 |
| ئەبۇ نەسر ئىبنى سەبباغ | 80 |
| ئەبۇ بەكرى ئەسرەم | 57 |
| ئىمامۇلھەرەمەين جۇۋەينىي | 88-87 |
| ھەسەن ئىبنى زىياد | 55 |
| ئەبۇ ئۇسمان رەبىئەتۇررەئيي | 64 |
| سەھنۇن ئىبنى سەئىد تەنۇخىي | 56 |
| سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە | 56 |
| ساھىبۇلھاۋىي= ئەبۇلھەسەن ماۋەردىي | 141 |
| ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا | 55 |
| ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد مەرۋەزىي | 156 |
| قازى ئەبۇ هامىد | 119 |
| قازى ئەبۇ تەييب | 117 |

| | |
|---|---|
| قازی هۆسەین | 156 |
| قەففال مەرۆزی | 98 |
| مۆهەممەد ئیبنی هەسەن ئیبنی مۆنتەسر | 124 |
| مۆهەممەد ئیبنی ئەجلان | 56 |
| مەکهۆل دمەشقی | 126 |
| نەۆەۆي یەهیا ئیبنی شەرەف | 25 |


HAKSEVER

## پايدىلانغان كىتاب ۋە مەنبەلەر مۇندەرىجىسى


١ ـ **أحكام أهل الذمة**، ابن قيم الجوزية.

٢ـ **الإحكام في أصول الأحكام**، الآمدي.

٣ ـ **الإحكام في تمييز الفتاوى عن الأحكام**، القرافي.

٤ ـ **أخبار القضاة**، وكيع بن الجراح.

٥ـ **أدب الفتوى**، ابن الصلاح.

٦ ـ **أدب المفتي والمستفتي**، ابن الصلاح.

٧ ـ **إرشاد الفحول**، الشوكاني.

٨ ـ **الإصابة**، ابن حجر العسقلاني.

٩ ـ **أصول الأحكام**، الآمدي.

١٠ ـ **الاعتقاد**، البيهقي.

١١ ـ **إعلام الموقعين**، ابن قيم الجوزية.

١٢ـ **البحر المحيط**، الزركشي.

١٣ ـ **البداية والنهاية**، ابن كثير.

١٤ ـ **البرهان**، الجويني.

١٥ـ **تاريخ ابن معين.**

١٦ ـ **تاريخ بغداد.**

١٧ ـ **التبصرة**، الشيرازي.

١٨ـ **تبيين الحقائق بحاشية الشلبي**، الزيلعي.

١٩ ـ **التحرير بشرح التقرير والتحبير**، الكمال بن الهمام.

٢٠ـ **تذكرة الحفاظ**، الذهبي.

٢١- **تفسير القرطبي.**
٢٢- **التلخيص الكبير**، ابن حجر العسقلاني.
٢٣- **تهذيب الأسماء واللغات**، النووي.
٢٤- **تهذيب التهذيب.**
٢٥- **الثقات**، ابن حبان.
٢٦- **جامع بيان العلم وفضله**، ابن عبد البر.
٢٧- **الجرح والتعديل.**
٢٨- **جمع الجوامع**، ابن السبكي.
٢٩- **حلية الأولياء**، أبو نعيم.
٣٠- **الديباج المذهب**، ابن فرحون.
٣١- **ربيع الأبرار**، الزمخشري.
٣٢- **رد المحتار على الدر المختار**، ابن عابدين.
٣٣- **سنن أبي داود.**
٣٤- **سنن الترمذي.**
٣٥- **سنن الدارمي.**
٣٦- **السنن الكبرى**، البيهقي.
٣٧- **سير أعلام النبلاء**، الذهبي.
٣٨- **شرح تنقيح الفصول**، القرافي.
٣٩- **شرح الكوكب المنير**، الفتوحي.
٤٠- **شرح مسلم**، النووي.
٤١- **صحيح ابن حبان.**
٤٢- **صحيح البخاري.**
٤٣- **صحيح مسلم.**
٤٤- **صفة الفتوى**، ابن حمدان.

٤٥ ـ **طبقات الشافعية**، ابن قاضي شهبة.

٤٦ ـ **طبقات الشافعية**، الأسنوي.

٤٧ ـ **طبقات الفقهاء**، الشيرازي.

٤٨ ـ **طبقات الفقهاء**، العبادي.

٤٩ ـ **الطبقات**، ابن سعد.

٥٠ ـ **العبر في خبر من غبر**، الذهبي.

٥١ ـ **العضد الإيجي شرح مختصر المنتهى**، ابن الحاجب.

٥٢ـ **غياث الأمم**، الجويني.

٥٣ ـ **الفتاوى الكبرى**، ابن حجر.

٥٤ ـ **الفتوى**، ولي الدين فرفور.

٥٥ ـ **فروع ابن المفلح**.

٥٦ ـ **الفقيه والمتفقه**، للخطيب البغدادي.

٥٧ ـ **الفكر السامي**، الحجوي.

٥٨ـ **فواتح الرحموت**، اللكنوي.

٥٩ ـ **قواعد الأحكام**، العز بن عبد السلام.

٦٠ ـ **اللمع مع شرح بهجة الوصول**.

٦١ ـ **مجمع الزوائد**، الهيثمي.

٦٢ـ **المجموع**، النووي.

٦٣ ـ **مجموع الفتاوى**، ابن تيمية.

٦٤ ـ **المحصول**، الرازي.

٦٥ ـ **مختصر تاريخ ابن عساكر**، ابن منظور.

٦٦ ـ **مختصر خليل بشرح الزرقاني**.

٦٧ ـ **المختصر في علم رجال الأثر**.

٦٨ ـ **مختصر المنتهى**، ابن الحاجب.

٦٩ ـ **مرآة الأصول**، ملاخسرو.

٧٠ـ **مرآة الجنان**.

٧١ـ **المستصفى**، الغزالي.

٧٢ـ **مسلم الثبوت**.

٧٣ـ **مسند الإمام أحمد**.

٧٤ ـ **المسودة**، ابن تيمية.

٧٥ـ **مشاهير علماء الأمصار**.

٧٦ ـ **مشكاة المصابيح**.

٧٧ ـ **المعتمد**، أبو الحسين البصري.

٧٨ـ **معجم المؤلفين**.

٧٩ـ **منتهى السول**.

٨٠ـ **المنخول**، الغزالي.

٨١ـ **الموافقات**، الشاطبي.

٨٢ـ **ميزان الاعتدال**، الذهبي.

٨٣ ـ **النجوم الزاهرة**.

٨٤ـ **نشر البنود**.

٨٥ـ **وفيات الأعيان**، ابن خلكان.